2014 2

# يېزا پەن ـ تېخنىكىسى



# 农村科技

ISSN 1004-1095
02>

# ئاياللارنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ بەختلىك ئائىلە قۇرۇپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەيلى



مەزكۇر ژۇرنالنىڭ باش مۇھەررىرى ھەلىمە تۇرسۇن 2014-يىلى 1-ئاينىڭ 22-كۈنىدىن 24-كۈنىگىچە تەكلىپ بىلەن خوتەن ناھىيىسىدە ئىككى مەيدان، خوتەن شەھىرىدە بىر مەيدان لېكسىيە سۆزلەپ، 800 گە يېقىن كۇرسانتنى نەق مەيداندا تەربىيەلەپ، مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر ۋە كۇرسانتلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

بۈزەينەپ ئېلى خەۋىرى ۋە فوتوسى

2014 - يىل 2 - سان
(ئومۇمىي 346 - سان)

يېزا پەن - تېخنىكىسى
全国优秀科技期刊,省级月刊

ش ئۇ ئا ر يېزا خىزمىتى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر نامراتلارنى يۆلەش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى ۋە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا نەشر قىلىندى.

# بۇ ساندا

## تېرىش پەرۋىش

مايسا يېتىشتۈرۈشتىكى ھەر خىل ئۇسۇللار.............................. ئەخمەتجان جېلىل (1)
پىدىگەنىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىكى پەرۋىشى ........................... ئاسىمگۈل تۇرسۇن (3)

## ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكى

پارنىك شوخلىسىنى كۆچۈرۈپ پەرۋىش قىلىش ئۇسۇلى ........... مۇنەۋۋەر مەترۇزى (5)
ئەتىيازدا پارنىكتا چوكا پۇرچاق ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى.......ئەكپەر مەمەت قاتارلىقلار (7)
پارنىكتا تەرخەمەك ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ...................ئەمەتجان ماموت قاتارلىقلار (9)
پارنىكتا قوغۇن ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى ...............................نۇسرەت روزى قاتارلىقلار (13)
پارنىكتا شاپتۇل ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم نۇقتىلار...................زولپىيە مەمتاجى (14)

## ئوغۇت تۇپراق

خىمىيەۋى ئوغۇت سېتىۋېلىشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار ............ مەمەتئېلى ئابباس (18)
پاتقاق گازى چىرىندى سۇيۇقلۇقىدىن ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش ........... مەريەم توختى (19)

## باغۇەنچىلىك

قۇمۇل چىلىنىنى ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ئۆستۈرۈشنىڭ تېخنىكىلىق تەدبىر -
لىرى .........................................................ئىسكەندەر ئىبراھىم (21)

## ئۆسۈملۈك ئاسراش

بۇغدايىنىڭ يىلتىزىغا زىيان سالىدىغان ھاشارەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تەدبىرلى -
رى ............................................... پاتىگۈل ئوبۇل قاتارلىقلار(27)
بادام دەرىخىدىكى ئاساسلىق كېسەللىك، زىيانداش ھاشارەتلەر ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش
تەدبىرى ..........................................................ئايگۈل نىياز (28)
تەرخەمەك تۈپى ئۈچىنى چېچەك قاپلىۋېلىش ۋە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى .......... خالىدەم تۇرسۇن (30)
بۇغدايىنىڭ كۆكىرىش مەزگىلىدە كېسەللىك ۋە زىيانداشنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇ -
سۇلى ............................................................ئابلەت ئابلىز (31)
سۇغپىيازنىڭ ۋىرۇس كېسەللىكى ۋە ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تەدبىرلىرى ....رەشىدە ئابدۇراخمان (33)
بەرەڭگىنى ساقلاش جەريانىدا پەيدا بولىدىغان كېسەللىكلەر ۋە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى
.........................................................مەنزىرە مەمتىمىن (34)

پارنىكتا ئۈششۈك تەگكەن تەرخەمەكنى قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرى .........راملە سىدىق قاتارلىقلار (35)
ئۆرۈكنىڭ يىلىم ئېقىش كېسەللىكى ۋە ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى .........پاشاگۇل ئەمەت (36)
پارنىكتىكى كۆدىنىڭ كۆل رەڭ پاختىلىشىش كېسىلى ۋە ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇ ـ
سۇلى ........................ ئايگۇل ياسىن قاتارلىقلار (38)

## سۇچىلىق

سۇ ئۆلچەش كەسمە يۈزىنى تاللاشتا دىققەت قىلىدىغان مۇھىم نۇقتىلار
........................ مۇيەسسەرجان قۇربانىنىياز (39)
بوغدايىنى ئەتىيازدا سۇغىرىش، ئوغۇتلاشتىكى مۇھىم ھالقىلار......مەمتىلى ئابابەكرى قاتارلىقلار (40)
مۇناقى ئۈزۈمنى چۈنەكلەپ سۇغىرىش ئۇسۇلى ........................ئەخمەتجان باقى (42)
ئاتۇش شەھىرىدە سۇنى تېجەپ ئىشلىتىش ھەققىدە ئويلىغانلىرىم ........مەمەت ئابلىز (44)

## چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق

بىدىنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرى ........................گۈلنىسا ئىمىن (46)
سۈتىي تارتىلىش مەزگىلىدىكى ئىنەكلەرنى بېقىپ باشقۇرۇشتىكى مۇھىم نۇق ـ
تىلار........................ قۇربانبۇۋى دۈيشماخۇن (47)

## يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى

تىراكتور مەشغۇلاتىغا قويۇلىدىغان تېخنىكىلىق تەلەپلەر .............. باھارگۈل تۇرۇپ (49)

## ئىگىلىك باشقۇرۇش

كەنت كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى مۈلۈكلەرنى باشقۇرۇشتا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە
ھەل قىلىش تەدبىرلىرى ........................پاتىگۈل قادىر(50)
ئېلېكتىرلەشكەن بوغالتىرلىقتا ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە ھەل قىلىش ئۇسۇلى ...ئارۇپجان مەرۇپ (52)

## ساقلاش، پىششىقلاش

چىلان ساقلاش ئۇسۇلى ........................خەيرىگۈل ھوشۇر (54)

## قانۇن ئۆگىنەيلى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قورامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى ............56

## بىلىۋېلىڭ

كۆتاتلاردىكى دېھقانچىلىق دورا قالدۇقىنى چىقىرىۋېتىپ ئىستېمال قىلىشنىڭ ئاددىي ئۇ ـ
سۇللىرى ........................ شەرىپەم مەسۇم (58)
ئاپتورلار سەمىگە........................60

باش مۇھەررىر: مەسئۇل مۇھەررىر: مۇھەررىر:
ھەلىمە تۇرسۇن ئابلەت ھەبىبۇللا ئەنۋەر مۇھەممەت

农村科技
Rural Science & Technology
2014年第2期
总346期

新疆维吾尔自治区党委农办、自治区扶贫办、自治区科协、新疆维吾尔自治区农业科学院和新疆农业大学联合主办、面向新疆农牧区、国内外公开发行的综合性省级科普月刊。

## 栽培管理

各种育苗方法……艾合买提江·吉力力(1)
茄子中期管理……阿斯姆古丽·吐尔逊(3)

## 设施农业

温室番茄移苗方法……穆乃外尔·卖提如则(5)
早春温室豇豆栽培技术……艾克拜尔·买买提等(7)
温室黄瓜栽培技术……艾买提江·马木提等(9)
温室甜瓜栽培方法……努斯热提·肉孜等(13)
温室桃树栽培要点……祖丽皮亚·买买塔吉(14)

## 土壤肥料

购买化肥注意事项……麦麦提艾力·阿巴斯(18)
沼气肥综合使用……买尔艳木·托合提(19)

## 园艺特产

哈密大枣优质高产措施……斯坎旦尔·依布拉音(21)

## 植物保护

小麦根病虫害防治措施……帕提古丽·吾布力等(27)
巴旦木病虫害防治措施……阿依古丽·尼亚孜(28)
黄瓜植株顶部丛花防治措施……哈丽旦·吐尔逊(30)
小麦返青期病虫害防治方法……阿布来提·阿布力孜(31)
大葱病毒病防治措施……热西旦·阿布都热哈曼(33)
马铃薯储藏期病害及防治方法……曼孜热·买买提明(34)
温室黄瓜受冻后急救措施……热米拉·斯得克等(35)
杏树流胶病防治方法……帕夏古丽·艾买提(36)
温室韭菜灰霉病防治方法……阿依古丽·亚森等(38)

## 农田水利

选择渠道测水断面注意事项 …… 米叶斯尔·库尔班尼亚孜(39)
小麦春季浇水，施肥要点 …… 买买提艾力·阿巴拜科日等(40)
木纳格葡萄沟灌方法 …… 艾合买提江·巴克(42)
阿图什市节约用水想法 …… 买买提·阿不力孜(44)

## 畜牧兽医

草木犀的利用价值 …… 古丽尼沙·依明(46)
奶牛干奶期饲养管理要点 …… 库尔曼布比·对先玛洪(47)

## 农业机械

拖拉机操作技术要求 …… 巴哈尔古丽·吐鲁甫(49)

## 农经管理

村集财产管理存在的问题解决措施 …… 帕提古丽·喀德尔(50)
电算化会计存在的问题与解决方法 …… 阿肉苗·买肉铺(52)

## 加工储藏

红枣储藏方法 …… 海日古丽·吾舒尔(54)

## 法律常识

中华人民共和国未成年人保护法 …… (56)

## 百科知识

蔬菜农药残留清除使用方法 …… 协热帕木·买苏木(58)
作者须知 …… (60)



主管主办：新疆维吾尔自治区农业科学院
编辑出版：《农村科技》杂志社维文编辑部
主　　编：艾力曼·吐尔逊　电话（传真）0991-4505075
责任编辑：阿布来提·艾比布拉　　编辑：艾尼瓦尔·买买提
地　　址：乌鲁木齐市南昌路 403 号　邮编：830091
印　　刷：新疆新华印刷厂　　定价: 2.00 元
发　　行：乌鲁木齐市邮政局
订　　阅：全国各地邮局，各县扶贫办、科技局、农经局和本刊编辑部
国际标准刊号：ISSN　1004 - 1095
国内统一刊号：CN 65 - 1046 / S - W
邮 政 代 码：58 - 123　广告许可证号：0016
收款单位：新疆农业科学院农业经济与科技信息研究所
开户银行：中国农业银行股份有限公司乌鲁木齐南昌路支行
行　　号：103881000461 账号：30-004601040000839

# مايسا يېتىشتۈرۈشتىكى ھەر خىل ئۇسۇللار

ئەخمەتجان جېلىل
(قىزىلسۇ ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق ئىدارىسى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش مەركىزىدىن 845350)

مايسا يېتىشتۈرۈش ــ شەكلى، ئورنى، ئۇسۇلى قاتارلىقلارنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئوخشىمىغان تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ.

1. مايسا يېتىشتۈرۈش ئورنىغا قاراپ ئوچۇق يەردە مايسا يېتىشتۈرۈش، پارنىكتا مايسا يېتىشتۈرۈش، ئەقلىي ئىقتىدارلىق مايسا زاۋۇتىدا مايسا يېتىشتۈرۈش دەپ ئۈچ خىل بولىدۇ. (1) ئوچۇقچىلىق يەردە مايسا يېتىشتۈرۈش: باش كۈزدە پارنىك، لاپاسلارغا كۆچۈرۈپ تىكىپ، كەچ كۈز ياكى قىشنىڭ بېشىدا بازارغا چىقىرىلىدىغان كۆكتات مايسىلىرى ياز پەسلىدە ئوچۇقچىلىق يەرگە مايسىزارلىق تەييارلاپ يېتىشتۈرۈلىدۇ؛ (2) پارنىكتا مايسا يېتىشتۈرۈش. قىش، ئەتىيازدا پارنىك، لاپاسلارغا كۆچۈرۈپ تىكىلىدىغان مايسىلار كۈز ياكى قىش پەسلىدە كۈن نۇرى پارنىكىدا يېتىشتۈرۈلىدۇ؛ (3) ئەقلىي ئىقتىدارلىق مايسا زاۋۇتىدا مايسا يېتىشتۈرۈش: بۇ ئاپتوماتىك تىزگىنلىنىدىغان ئەقلىي ئىقتىدارلىق مايسا زاۋۇتلىرىدا ئوزۇقلۇق ماددىنى مايسا قاچىسى ۋە مايسا يېتىشتۈرۈش پەسنۇسىغا قاچىلاپ، پەسىلسىز مايسا يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ.

2. مايسا يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلىغا قاراپ تېرىپ مايسا يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇلاپ مايسا يېتىشتۈرۈش دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. (1) بىۋاسىتە تېرىپ مايسا يېتىشتۈرۈش: بۇ ئۇرۇقنى بىۋاسىتە تېرىپ مايسا يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلى بولۇپ، تېرىلغان ئۇرۇق ئۈنۈپ، مايسا مەلۇم چوڭلۇققا يەتكەندە كۆچۈرۈپ تىكىلىدۇ، ھازىر مايسىلار ئاساسەن مۇشۇ خىل ئۇسۇلدا يېتىشتۈرۈلىدۇ؛ (2) ئۇلاپ مايسا يېتىشتۈرۈش: ئۇلاق ئاستى، ئۇلاق ئۈستى قىلىنىدىغان سورتلارنى مۇۋاپىق ئىلگىرى ـ كېيىن تېرىپ، ئۇلاش ئۆلچىمىگە يەتكەندە، ئۇلاق ئاستى قىلىنىدىغان تۈپكە ئۇلاق ئۈستى قىلىنىدىغان تۈپنى ئۇلاپ مايسا يېتىشتۈرىدىغان ئۇسۇلدۇر. بۇ ئۇسۇل قوغۇن، تاۋۇز، تەر-

خەمەك قاتارلىقلارغا قوللىنىلىدۇ. يوپۇرمىقى ئىستېمال قىلىنىدىغان ئا-
دەتتىكى كۆكتاتلارغا ئۇلاپ مايسا يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلمايدۇ.

3. مايسا يېتىشتۈرۈش شەكلىگە قاراپ، مايسىزارلىقتا مايسا يېتىشتۈ-
رۈش، مايسا قاچىسىدا مايسا يېتىشتۈرۈش، ئۇگىلىق پەتنۇستا مايسا يې-
تىشتۈرۈش دەپ ئۈچ خىل بولىدۇ. (1) مايسىزارلىقتا مايسا يېتىشتۈرۈش:
مەيلى ئوچۇقچىلىق يەردە ياكى پارنىكتا بولسۇن، كەڭلىكىنى 1.2 مېتىر،
ئۇزۇنلۇقىنى مايسا مىقدارىغا قاراپ كىچىك كاندۇكچە ياساپ، كاندۇكچىغا
مايسا يېتىشتۈرۈلىدىغان ئوزۇقلۇق توپىسىنى يېيىتىپ، ئۇرۇقنى تېرىپ
مايسا يېتىشتۈرىدىغان ئۇسۇلدۇر؛ (2) مايسا قاچىسىدا مايسا يېتىشتۈرۈش:
ئوزۇقلۇق توپا ياكى ئوزۇقلۇق ماددىنى مايسا يېتىشتۈرۈش قاچىسى (سول-
ياۋ يۇمشاق تەشتەك) غا قاچىلاپ، ھەربىرىدە بىر تۈپ مايسا يېتىشتۈرىد-
غان ئۇسۇلدۇر؛ (3) ئۇگىلىق پەتنۇستا مايسا يېتىشتۈرۈش: ئوزۇقلۇق توپا
ياكى ئوزۇقلۇق ماددىنى ئۇگىلىق پەتنۇسقا قاچىلاپ، ھەربىر ئۇگىدا بىر
تۈپتىن مايسا يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلىدۇر.

4. مايسا يېتىشتۈرۈشكە ئىشلىتىدىغان ماددىغا قاراپ ئوزۇقلۇق توپا
تەييارلاپ مايسا يېتىشتۈرۈش ۋە تۇپراقسىز مايسا يېتىشتۈرۈش دەپ ئىككى
خىلغا ئايرىلىدۇ. (1) ئوزۇقلۇق توپىسى تەييارلاپ مايسا يېتىشتۈرۈش.
مۇنبەت تۇپراق، قۇم، چىرىگەن ئېغىل قىغى قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق نىس-
بەتتە ئارىلاشتۇرۇپ، مەخسۇس مايسا يېتىشتۈرۈش توپىسى تەييارلاپ، شۇ
توپىغا ئۇرۇق تېرىپ مايسا يېتىشتۈرىدىغان ئۇسۇلدۇر؛ (2) تۇپراقسىز
مايسا يېتىشتۈرۈش. توپا ئىشلەتمەي داشقال، ھەرە كېپىكى قاتارلىق ماد-
دىلارنى ئاساسي ماددا قىلىپ، مايسا ئېھتىياجلىق ئوزۇقلۇقلارنى سۇغى-
رىش سۈيى بىلەن بىرگە بېرىپ، مايسا يېتىشتۈرىدىغان ئۇسۇلدۇر. نۆۋەتتە
زامانىۋى ئەقلىي ئىقتىدارلىق مايسا زاۋۇتلىرىدا ياكى كۆن نۇرى پارنىكلى-
رىدا مۇشۇ خىل مايسا يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلى كەڭ قوللىنىلماقتا. (02)

# پىدىگەننىڭ ئوتتۇرا مەزگىلدىكى پەرۋىشى

ئاسىمگۈل تۇرسۇن
(قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە بارىن يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 844200)

**1. يورۇقلۇقنى يېتەرلىك قىلىش:** بۇ مەزگىلدە يامغۇر، شامال تەسىرىدىن پارنىك ئۈستىدىكى يالتىراق ئاسانلا توپا - چاڭ توزانلار بېسىپ كېتىدۇ. شۇڭا يالتىراق پەردىنى پاكىز تازىلاش يالتىراق پەردىنىڭ ئىچى تەرىپىگە سۇ تامچىلىرى يىغىلىۋالغان بولسا، ئۆز ۋاقتىدا چۈشۈرۈۋېتىش ئارقىلىق پارنىكقا يورۇقلۇق يېتەرلىك چۈشۈشكە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

**2. مۇۋاپىق تېمپېراتۇرىنى ساقلاش:** بۇ مەزگىلدە كۈندۈزى تېمپېراتۇرا يۇقىرى بولغانلىقتىن ئاسانلا پارنىك ئىچىنىڭ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرىلاپ كېتىدۇ، ھەتتا بۇ ۋاقىتتا تېمپېراتۇرا 50℃ قىمۇ يېتىشى مۇمكىن. بۇنداق يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق ھاۋا پىدىگەننىڭ نەپەسلىنىشىنى كۈچەيتىۋېتىدۇ. نەتىجىدە فوتوسىنتېز رولى كۆرۈنەرلىك ئاجىزلاپ، پىدىگەن مايسىسىنىڭ ئۆسۈشى تەسىرگە ئۇچراپ، مېۋىسىنىڭ تۆكۈلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا بۇ مەزگىلدىكى پارنىكنىڭ كۈندۈزدىكى ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا چېكى 25℃ - 30℃، كېچىسى 15℃ ئەتراپىدا بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش، 15℃ تىن ئاشقاندا كېچىسىمۇ ھاۋا ئالماشتۇرۇشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

**3. نەملىكنى كونترول قىلىش:** بۇ مەزگىلدە پارنىك تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، پارنىكنىڭ نەملىكىمۇ ماس ئېشىپ، پىدىگەننىڭ بويىغا زورلاپ ئۆسۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا ھاۋا ئوچۇق كۈنلەردە تېمپېراتۇرا 35℃ تىن ئاشقاندا ۋە سۇغارغاندا مۇۋاپىق ھاۋا ئالماشتۇرۇش لازىم. پارنىك ئىچىنىڭ نەملىكىنى چېچەكلەش مەزگىلىدە 60% - 70%، مېۋىلەش مەزگىلىدە 50% - 60% ئەتراپىدا كونترول قىلىپ، نەملىك يۇقىرىلاش سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدىغان كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

**4. سۇغىرىش ۋە ئوغۇتلاشنى چىڭ تۇتۇش:** بۇ مەزگىلدە پىدىگەننىڭ سۇ ۋە ئوغۇتقا بولغان ئېھتىياجى ئاشىدىغان مەزگىل بولۇپ، «تېم-

پېراتورنى تىزگىنلەش، سۇنى تىزگىنلىمەسلىك» پىرىنسىپىنى ئىگىلەش، يەر يۈزى ئاقارسىلا سۇغىرىش، سۇغىرىشقا بىرلەشتۈرۈپ ئوغۇتلاش، پىدىگەننى ئۈزۈشكە باشلىغاندىن تارتىپ كۆپ مېۋىلەش مەزگىلىنى ئاساس قىلىپ، 2 ـ 3 قېتىم ئوغۇتلاش، ھەر قېتىمدا ھەر مو يەرگە 20 كىلوگرام ئورىيا ۋە سۇيۇق ئوغۇت بېرىش كېرەك. سۇيۇق ئوغۇتنى تولۇق ئېچىتىپ سۇدا ئېقىتىپ بېرىش، ھەر قېتىم ھەر مو يەرگە 500 كىلوگرامدىن بېرىش لازىم. بۇنىڭدىن باشقا يوپۇرماقتىن ئوغۇتلاشتا كالىي دى ھىدرو فوسفات (磷酸二氢钾) نى 0.2% بويىچە، ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات (硫酸二铵) نى 0.3% بويىچە ياكى ئورىيانى 0.1% بويىچە سۇيۇلدۇرۇپ يوپۇرماققا 2 ـ 3 قېتىم پۈركۈش كېرەك. چېچەك ـ مېۋىلىرى تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، 20 ـ 30 گىرام/كىلوگىرام توماتوتون (番茄灵) نى چېچەك سېپىگە تەگكۈزۈش كېرەك.

**5. تۇپلەرنى رەتلەش:** ئاجىز ۋە يان شاخلارنىڭ بىر قىسمىنى ئېلىۋېتىش كېرەك پىدىگەننىڭ ئۈچىنچى مېۋىسى چۈشكەندىن كېيىن، شاخلىرى باراقسان ئۆسۈپ، ھاۋا ئۆتۈشكە تەسىر قىلىدۇ. شۇڭا بىرىنچى پىدىگەننى ئېلىۋەتكەندىن باشقا يەنە شاخلارنى قوش شاخ قالدۇرۇپ پۇتاپ تۈپ ئارىسىدىكى ھاۋا ۋە يورۇقلۇق شارائىتىنى ياخشىلاش لازىم. قوش شاخ قالدۇرۇپ پۇتاشتا بىر جۈپ پىدىگەن چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى تال سىرتقا قاراپ ئۆسكەن يان شېخىنى كېسىۋېتىپ، يۇقىرىغا قاراپ ئۆسكەن ئىككى تال شاخنى قالدۇرۇپ، كېيىن ئۆسۈپ چىققان يان شاخلارنىڭ ھەممىسىنى كېسىۋېتىش، يەتتە تال پىدىگەن چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن ئۈچىنى ئۈزۈپ مېۋىسىنىڭ چوڭىيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

**6. كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** بۇ مەزگىلدە ئاساسلىق كۆرۈلىدىغان كېسەلدىن پىدىگەننىڭ كۆل رەڭ پاختىلىشىش كېسىلى بولۇپ، پارنىك نەملىكىنىڭ زىيادە ئېشىپ كېتىشىدىن يوپۇرماقتا رەتسىز، دۆگىلەك، سۇلۇق قاپارتما پەيدا بولۇپ، پاختىلىشىپ، مەھسۇلاتقا ئېغىر تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشتا پارنىكنىڭ ھاۋا ئالماشتۇرۇش ئېغىزىنى

# بارنىڭ شوخلىسىنى كۆچۈرۈپ بەرۋىش قىلىش ئۇسۇلى

مۇنەۋۋەر مەترۇزى
(چىرا ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 848300)

**1. مايسا كۆچۈرۈپ تىكىش:** ئادەتتە 10 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى تۇپراق تېمپېراتۇرىسى 12℃ ـ 14℃ قا مۇقىملاشقاندا، مايىسىنى ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى ئەتىگەندە كۆچۈرۈپ تىكىشكە دىققەت قىلغاندا ئەي بولۇش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ.

**2. مايسا كۆچۈرۈپ تىكىش ئۇسۇلى:** كەڭلىكى 50 ـ 60 سانتىمېتىر، چوڭەك ئارىلىقى 40 ـ 45 سانتىمېتىر، چوڭقۇرلۇقى 25 سانتىمېتىرلىق چوڭەك ئېلىپ، ئۈستىگە قارا رەڭلىك يالتىراق يوپۇق يېپىش (قارا رەڭلىك يالتىراقنىڭ ئىسسىقلىقنى تارتىپ تۇپراق تېمپېراتۇرىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش رولى بار) كېرەك. يالتىراق يېپىپ 5 ـ 7 كۈندىن كېيىن ئېچىپ، نەملىكىنى تۆۋەنلىتىپ، تېمپېراتۇرىنى تەڭشەش، كېسەللەنگەن دەسلەپكى مەزگىلدە داكونىل (百菌清)، سۇملىكىس (速克灵) ئىسلىغۇچى دورىلىرىنى ئىشلىتىپ ئالدىنى ئېلىش ياكى 50% لىك رونىلان (农利灵) قۇرۇق سۇسپېنزىيەلىك دورىسىنىڭ 1000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى، 40% لىك شى جيالى (施佳乐) سۇسپېنزىيەلىك دورىسىنىڭ 1200 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى، 40% لىك شى خۇيلى (施灰乐) سۇسپېنزىيەلىك دورىسىنىڭ 1200 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى قاتارلىق دورىلاردىن خالىغان بىرىنى تۇماللىتىپ پۈركۈسە بولىدۇ.

زىيانداش ھاشاراتلاردىن قىزىل ئۆمۈچۈكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشتا، 10% لىك ليۇياڭ مېيسۇ (浏阳霉素) نىڭ 1000 ــ 3000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى ياكى 78% لىك پىروپارگىت (克螨特) مايلىق دورىسىنىڭ 2000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى، 15% لىك ساۋمەنجىڭ (扫螨净) مايلىق دورىسىنىڭ 2000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى، 1.8% لىك ئابا مىتسىتىنىڭ (齐慢素) نىڭ 2000 ـ 3000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى قاتارلىق دورىلارنىڭ خالىغان بىرىنى تۇمانلىتىپ پۈركۈش كېرەك. (03)

يىن ھەربىر چۆنەك ئۈستىگە تۈپ، قۇر ئارىلىقى 30 ـ 50 سانتىمېتىر قىلىپ ئىككى قۇر شوخلا مايسىسى كۆچۈرۈپ تىكىپ، ھەربىر پارنىكتا 500 ـ 600 تۈپ شوخلا ئۆستۈرۈش لازىم.

**3. پەرۋىشى:** مايسا كۆچۈرۈپ تىكىلگەندىن كېيىن زىيانداش، ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، دىپتېرېكس (敌百虫) تىن 100 گىرامنى ئىككى كىلوگىرام سۇغا ۋە بەش كىلوگىرام كۇنجۇرىگە ئارىلاشتۇرۇپ، مايسىنىڭ يىلتىز قىسمىدىن بەش سانتىمېتىر يىراقلىقتا قويۇش ئارقىلىق يەر يولۋىسى قاتارلىق زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش لازىم. ئەتىگەن سائەت توققۇزلاردا ئىككى تەرەپتىن شامالدىتىش ئېغىزىنى ئېچىپ، كەچ سائەت 4 ـ 5 لەردە يېپىپ ھاۋاسىنى ياخشى تەڭشەش لازىم.

**4. چاڭلاشتۇرۇش:** شوخلا چېچەكلەش مەزگىلىدە يەنى ياز پەسلىدە 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرى 6 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا لاپاسنىڭ ئۈستىدىكى يالىتىراقنى ئېلىۋېتىكەنگە قەدەر چېچەككە دورا تەگكۈزۈپ چاڭلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

**5. تۈپ رەتلەش:** شوخلا تۈپلىرىنىڭ ھارام شاخلىرىنى ۋاقتىدا پۇتاپ، بىر يېرىم غول قالدۇرۇپ شاخ رەتلەش ۋە تاك غول قالدۇرۇپ شاخ رەتلەش لازىم. 3 ـ 4 تىزىق مېۋە ھاسىل بولغان مەزگىلدە شېخىنى رەتلەش، ئۇچىنى ئۈزۈش قاتارلىق ئۇسۇللاردىن باشقا، ۋاقتىدا چېچەك مېۋىسىنى شالاڭلىتىپ، قېرى يوپۇرماقلارنى پۇتىۋېتىش لازىم.

**6. مېۋە شالاڭلىتىش:** شوخلا مەھسۇلاتى ۋە سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، شوخلا مېۋىسىنى مۇۋاپىق شالاڭلىتىش لازىم. يەنى چوڭ مېۋىلىك سورتلارغا نىسبەتەن بىر ساپاقتا 3 ـ 4 تال مېۋە قالدۇرۇش، مېۋىسى ئوتتۇراھال بولغان سورتلارغا نىسبەتەن 4 ـ 6 تال مېۋە قالدۇرۇشقا دىققەت قىلىش لازىم. (05)

# ئەتىيازدا بارنىكتا چوكا پۇرچاق ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى

ئەكپەر مەمەت نۇسرەتگۈل قۇدىبىدىن
(توقسۇن ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 838100)

چوكا پۇرچاق (جاڭدۇ) نى پارنىكتا ئۆستۈرگەندە بالدۇر بازارغا چىقار-غىلى، ئىقتىسادىي كىرىمنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. بىراق پارنىكتا ئۆستۈرگەندە ئۆستۈرۈش تەلىپى بىرقەدەر يۇقىرى بولۇپ، بىر قىسىم دېھقانلار ھوسۇل ئالالمايدىغان ياكى مەھسۇلاتى تۆۋەن بولۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. شۇڭا تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك.

**1. سورت تاللاش:** پارنىك، لاپاستا ئۆستۈرۈشكە ماس كېلىدىغان، كې-سەللىك، ھاشارات زىيىنىغا چىدامىلىق، ئاجىز يورۇقلۇق ۋە تۆۋەن تېم-پېراتۇرىغا چىدامىلىق سورتلارنى تاللاش كېرەك. نۆۋەتتە «لىيەنخۇا ئۇزۇن چوكا پۇرچاق ـ 818»، «كۆك چوك پۇرچاق ـ 90» (绿豇 90) چوڭايتىش قاتارلىق سورتلار كۆپرەك ئۆستۈرۈۋاتىدۇ.

**2. مايسا يېتىشتۈرۈش:** ئەتىيازدا تۇپراق، ھاۋا تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن بولغاچقا، ئالدى بىلەن مۇۋاپىق شارائىتتا چوكا پۇرچاق مايسىسىنى يې-تىشتۈرۈپ تىكسە ئۇنۇمى ياخشى بولىدۇ: (1) ئوزۇقلۇق توپا تەييارلاش: ئالتە ئۇلۇش باغ توپىسىغا تۆت ئۇلۇش چىرىگەن ئورگانىك ئوغۇتنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، ھەربىر كۇب توپىغا 50% لىك باۋىستىن (多菌灵) دورد-سىغا 80 ـ 100 گىرام، 25% لىك دىپتېرىكس (敌百虫) دورىسىدىن 60 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ ئوزۇقلۇق توپا دېزىنفېكسىيە قىلىنىدۇ. ئاندىن 32 ـ 50 تۆشۈكلۈك مايسا يېتىشتۈرۈش پەتنۇسىغا ئوزۇقلۇق توپا قا-چىلاپ، ھەربىر تۆشۈككە 3 ـ 4 تالدىن ئۇرۇق سېلىپ، 1 ـ 1.5 سانتىمې-تىر قېلىنلىقتا توپا بىلەن كۆمۈپ، سۇ پۈركۈگۈچ بىلەن قاندۇرۇپ سۇغى-رىش كېرەك؛ (2) ئۇرۇقنى تېرىپ بولغاندىن كېيىن، تېمپېراتۇرىنى كۈندۈزى 25℃ ـ 30℃ تا، كېچىسى 15℃ تىن يۇقىرى ساقلاش كېرەك. مايسا 25 ـ 30 كۈنلۈك بولغاندا، پارنىك ئىچىگە تىكىشتىن ئاۋۋال چوقۇم مايسىنى چې-نىقتۇرۇش يەنى تىكىشتىن بىر ھەپتە بۇرۇن سۇغىرىشنى توختىتىپ مۇۋاپىق ھاۋا ئالماشتۇرۇپ، تېمپېراتۇرىنى تۆۋەنلىتىش ئارقىلىق مايسىنى چېنىقتۇ-رۇش لازىم.

**3. مايسا كۆچۈرۈپ تىكىشتىن بۇرۇنقى تەييارلىق:** (1) مايسىنى تىكىشتىن بۇرۇن، پارنىك ئىچىدىكى ھاشارات ۋە كېسەللىك مىكروبنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئىسلاش دورىسى بىلەن 1 ـ 2 قېتىم ئىسلاش كېرەك؛ (2) مايسا تىكىلىدىغان پارنىك ئىچىنى ئاغدۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، ھەر مو يەرگە تولۇق چىرىگەن مەھەللىۋى ئوغۇتتىن 6 ـ 8 كۇب مېتىر، ئىككى ئامونىيلىق فوسفاتتىن 50 كىلوگىرام، بىرىكمە ئوغۇتتىن 30 كىلوگىرام چېچىپ ئاغدۇرۇپ تەكشىلەپ، قىر ئۈستى كەڭلىكىنى 50 سانتىمېتىر، ئارىلىقىنى 70 سانتىمېتىر قىلىپ قىر سېلىپ يالتىراق يوپۇق يېپىش كېرەك. ئاندىن كېيىن تۈپ ئارىلىقىنى 20 ـ 25 سانتىمېتىر قىلىپ مايسا كۆچۈرۈپ تىكسە بولىدۇ. چوكا پۇرچاق قۇرغاقچىلىققا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. شۇڭا مايسا مەزگىلىدە سۇغىرىشنى كونترول قىلىپ، تۈپنىڭ بويىغا زورلاپ ئۆسۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. تۇپراق تېمپېراتۇرىسى 10℃ ـ 12℃ ئەتراپىدا، كېچىلىك پارنىك تېمپېراتۇرىسى 5℃ تىن يۇقىرى بولغاندا يەنى 2 ـ ئاينىڭ باش ئوتتۇرىلىرى پارنىكقا مايسا كۆچۈرۈپ تىكىش كېرەك.

**4. تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەش:** چوكا پۇرچاقنىڭ مۇۋاپىق ئۆسۈپ، مېۋىلەش تېمپېراتۇرىسى 25℃ ـ 30℃، كېچىسى 18℃ ئەتراپىدا بولىدۇ. مايسا مەزگىلىدە كۈندۈزى 25℃ ـ 28℃، كېچىسى 15℃ تىن تۆۋەنلەپ كەتمەسلىكى كېرەك.

**5. نەملىككە بولغان تەلىپى:** چېچەكلەشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە كۆپ سۇغارماي، تۇپراق نەملىكىنى كونترول قىلىش، مېۋىلەش مەزگىلىدە سۇغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش لازىم. بۇ مەزگىلدە ھاۋا قۇرغاق، تېمپېراتۇرا يۇقىرى، نەملىك ئاز بولسا ھەم ئوغۇت يېتىشمىسە، چېچەك، مېۋىلەر تۆكۈلۈپ كېتىدۇ، شۇڭا ھەر قېتىم سۇغىرىشقا بىرلەشتۈرۈپ 10 ـ 15 كىلوگىرام بىرىكمە ئوغۇت، 8 ـ 10 كىلوگىرام ئورىيا بىلەن ئوغۇتلاش كېرەك.

**6. پەلەك رەتلەش:** ئادەتتە چوكا پۇرچاق تۈپلىرى 30 سانتىمېتىر ئۆسكەندە يىپقا ئېسىپ ياماشتۇرۇپ ئۆستۈرۈلىدۇ. تۈپ ئاستىدىكى يان پەلەكلىرىنى ۋاقتىدا، بالدۇر ئېلىۋېتىپ، ئاساسىي غول پەلەكنىڭ توم، تىمەن ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئۈستى قىسمىدىكى يان پەلەكنىڭ ئۈچىنى ئۈزۈش، غول پەلەكنىڭ ئۈچىنى 2 ـ 2.5 مېتىر ئۆسكەندە ئۈزۈش لازىم.

# پارنىكتا تەرخەمەك ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى

ئەمەتجان مامۇت   سابىدىن مولدىن
(قىزىلسۇ ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 845350)

**1. سورت تاللاش:** ئۆز جايىنىڭ مۇھىت شارائىتىغا ئاساسەن، دەسلەپكى مەزگىلدە تۆۋەن تېمپېراتۇرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، كېيىنكى مەزگىلدە يۇقىرى تېمپېراتۇرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، كېسەللىك، ھاشارات زىيىنىغا چىداملىق، ئۆسۈشچانلىقى كۈچلۈك، مەھسۇلاتى يۇقىرى سورتلارنى تاللاش كېرەك.

**2. مايسىزارلىق تەييارلاش:** مايسا يېتىشتۈرۈش توپىسىنى يېقىنقى بىر نەچچە يىل ئىچىدە قوغۇن ـ تاۋۇز تۇرىدىكى كۆكتاتلار تېرىلمىغان ئېتىز توپىسىدىن ئالتە ئۈلۈش، چىرىگەن ئورگانىك ئوغۇتتىن ئۈچ ئۈلۈش، چىرىگەن ئات قىغىدىن بىر ئۈلۈش ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلاش كېرەك. مايسا يېتىشتۈرۈش توپىسىغا مەلۇم مىقداردا دېھقانچىلىق دورىسى چېچىپ دېزىنفېكسىيە قىلسا، مايسا مەزگىلىدىكى توساتتىن يېتىپ كېتىش كېسىلى، تىك قۇرۇش كېسىلى قاتارلىقلارنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. مايسىزارلىقنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنى چوڭ ئېتىزغا كۆچۈرۈپ تىكىلىدىغان مايسا كۆلىمىگە ئاساسەن بەلگىلەش كېرەك.

---

**7. كېسەللىك ـ زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** (1) قىزىل ئۆمۈچۈك: ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشتا ئېتىزدىكى ئوت ـ چۆپلەرنى ۋاقتىدا ئوتاش، پارنىك تازىلىقىنى ياخشى قىلىش، يەر يۈزىگە مىكروب يوقىتىش دورىسى پۈركۈپ، ھاشارات مەنبەسىنى ئازلىتىش كېرەك. ئۆسۈش مەزگىلىدە داۋاملىق تەكشۈرۈپ، بىر يوپۇرماقتا پەيدا بولسا بىر يوپۇرماقتىكىنى يوقىتىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋېيمىتسىن (阿维菌素) قاتارلىق دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك؛ (2) كۆك پىت: كۆك پىت بايقالغان ھامان يىمىرىپ ئۆلتۈرۈش، ئورىيا ـ سوپۇن پاراشوكىنى چېچىش، ئېغىر بولغاندا مياۋيى (灭蚜威)، يىپەنجىڭ (一遍净) قاتارلىق دورىلارنى يوپۇرماققا پۈركۈش كېرەك. (03)

**3. ئۇرۇقنى بىر تەرەپ قىلىش:** ئۇرۇقنى 1~3 كۈن ئاپتاپقا سېلىپ، 55℃ ~ 60℃ لۇق قىزىقسۇغا 10~15 مىنۇت چىلاش، سۇ تېمپېراتۇرىسى 30℃ ~ 35℃ قا چۈشكۈچە توختىماستىن ئارىلاشتۇرۇپ، سۇزۇك سۇغا تۆت سائەت چىلاپ سۈزۈۋېلىپ، سۈزۈك سۇدا بىر قېتىم چايقاپ يۇيۇپ، سۈيىنى ساقىتىۋېتىپ، نەم لاتىغا ئوراپ، 28℃ ـ 32℃ لۇق شارائىتتا 1~2 كۈن بىخلاندۇرۇپ، ئۇرۇق 70% ئاقارغاندا تېرىش كېرەك.

**4. مۇۋاپىق ۋاقىتتا تېرىش:** ئەتىيازدا 1 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئاخىرلىرىغىچە، كۈزدە 8 ـ ئايدىن 9 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە تېرىلىدۇ.

**5. يەرگە ئىشلەش:** تەرخەمەكنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئوغۇتقا ئېھتىياجى كۈچلۈك بولۇش قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، تۇپراقنىڭ ئوزۇقلۇق ماددىلىرىنى يېتەرلىك قىلىش ئۈچۈن، ھەر مو يەر 5000 كىلوگرام ئورگانىك ئوغۇت، 20 كىلوگرام ئورىيا (尿素) 75 كىلوگرام كالتسىي سۇپېر فوسفات (过磷酸钙)، 30 كىلوگرام كالىي سۇلفات (硫酸钾) بىلەن ئوغۇتلاپ ئاغدۇرۇپ تەكشىلىگەندىن كېيىن تاختىلاپ، يالتىراق يوپۇق يېپىش كېرەك.

**6. كۆچەت تىكىش:** مايسا ئىككى تال يوپۇرماق چىقارغاندا، ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى چۈشتىن بۇرۇن ياكى كەچقۇرۇن كۆچۈرۈپ تىكىلىدۇ. مايسا كۆچۈرۈپ تىكىلگەندىن كېيىن چوڭەككە كىچىك يالتىراق كېمىر ياساپ يالتىراق يوپۇق يېپىش كېرەك.

**7. پەرۋىشى:** (1) تېمپېراتۇرىنى تەڭشەش: كۈندۈزلۈك تېمپېراتۇرىنى چۈشتىن بۇرۇن 30℃ ئەتراپىدا ساقلاپ، چۈشتىن كېيىن 20℃ ـ 25℃ قا تۆۋەنلىتىش كېرەك؛ ئالدىنقى يېرىم كېچىدە 16℃ ـ 17℃ تا، كېيىنكى يېرىم كېچىدە 11℃ ـ 13℃ تا ساقلاش كېرەك. (2) قوشۇمچە ئوغۇتلاش: مېۋىلەش مەزگىلىدە سۇغىرىشقا بىرلەشتۈرۈپ قوشۇمچە ئوغۇتلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر قېتىمدا ھەر مو يەرگە ئۈچ كىلوگرام ئورىيا (尿素)، بەش كىلوگرام كالىي سۇلفات (磷酸钾) ياكى 10 كىلوگرام يۇ-

قىرى ئۇنۇملۇك ئازوت، يۇقىرى ئۇنۇملۇك كالىيلىق ئېقىتىپ بېرىلىدىغان ئوغۇت (高氯高钾) بېرىش لازىم. (3) سۇغىرىش: مايسا كۆچۈرۈپ تىككەندىن كېيىن، بىر قېتىم سۇغىرىپ مايسىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى تېزلىتىش، مايسا 12 تال يوپۇرماق چىقارغاندىن كېيىن، ئىككىنچى سۇيىنى قويۇش كېرەك. مېۋىلەش مەزگىلىگە كىرگەندىن كېيىن، ئۆسۈش، ھاۋا تېمپېراتۇرىسى قاتارلىق ئامىللارغا ئاساسەن سۇغىرىش كېرەك. تەرخەمەك پىلىكىنى سىرىلدۇرۇشتىن 7~10 كۈن بۇرۇن ئەڭ ياخشىسى سۇغارماي، پىلەك توقۇلمىلىرىنىڭ سۇ تەركىبىنى تۆۋەنلىتىپ، غول توقۇلمىلىرىنىڭ ئەۋرىشىملىكىنى ئاشۇرۇش كېرەك؛ (4) پۇتاش: غول پىلەكتە ئانىلىق گۈلى بىرقەدەر كۆپ ئەھۋالدا 6~8 بوغۇمىنىڭ ئاستىدىكى يان پىلەكلەرنى دەسلەپكى مەزگىلدە ۋاقتىدا ئۈزۈۋېتىپ، ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ بىھۇدە سەرپ بولۇشىنى ئازايتىش كېرەك. غول پىلەك 25~30 تال يوپۇرماق چىقارغاندىن كېيىن ئۇچىنى تۆۋەنگە سىرىلدۇرۇش ۋە ئۇچىنى تۆۋەنگە سىرىلدۇرگەندىن كېيىن ئازوت، فوسفور، كالىيلىق ئوغۇتلار بىلەن مۇۋاپىق ئوغۇتلاش كېرەك.

**8. كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش:** ① قىروسىمان پاختىلىشىش كېسىلى: پەيدا بولۇشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە 75% لىك داكونىل (百菌清) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىغا مېتىل توپسىن (甲基托布津) نىڭ 500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى ئارىلاشتۇرۇپ چېچىش ياكى 64% لىك ساندۇفان (杀毒矾) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 600 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى چېچىش كېرەك؛ كېسەللىك پەيدا بولۇشىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە شيەنمالىن (先玛林) غا تىرزىمان (代森锰锌) نى ئارىلاشتۇرۇپ چېچىش كېرەك. كېسەللىك پەيدا بولۇشنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە كېسەللەنگەن يوپۇرماقنى ئۈزۈۋېتىپ، يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا دۇملەش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئالدى-

نى ئېلىش كېرەك؛ ② باكتېرىيەلىك بۇرجەكلىك داغ كېسىلى: كېسەللىك پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە شىنجىمېيسۇ (新植霉素) نىڭ 5000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى، 72% لىك كېشادې (可杀得) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 400 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى، 47% لىك جيارۇينۇڭ (加瑞农) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 600~800 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى، 70% لىك مىرىدومىل (甲霜铜) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 600 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى قاتارلىقلارنىڭ خالىغان بىرىنى تاللاپ، ھەر 7~10 كۈندە بىر قېتىم، ئۇدا 3~4 قېتىم نۆۋەتلەشتۈرۈپ چېچىش كېرەك؛ (3) يوپۇرماق قېتى چۈشنى: يېتىلگەن ھاشاراتنى چۈشىن يوقىتىش قەغىزىگە جەلپ قىلىپ يوقىتىش كېرەك. يېتىلگەن ھاشارات كۆپ پەيدا بولۇش مەزگىلىدە، ھەر مو يەرگە 15 دانە جەلپ قىلىپ يوقىتىش نۇقتىسى تەسىس قىلىپ، ھەربىر نۇقتىغا بىردىن جەلپ قىلىپ يوقىتىش قەغىزى قويۇپ يېتىلگەن ھاشاراتنى جەلپ قىلىپ يوقىتىش كېرەك؛ زىيانغا ئۇچرىغان يوپۇرماقتا بەش تال لىچىنكا پەيدا بولغان چاغدا، لىچىنكىسى ئىككى ياشقا كىرىشتىن ئىلگىرى، سائەت 8~10 لەردە شەبنەم قۇرۇغاندىن كېيىن لىچىنكىسى يوپۇرماق يۈزىگە چىقىپ ھەرىكەتلەنگەن چاغدا ياكى قېرى لىچىنكىسى قۇرت تونىلىدىن چىققاندا 25% لىك بەنچيەنجىڭ (斑替净) سۇتسىمان مېيىنىڭ 1500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى، 1.8% لىك ئەيفۇدىڭ (爱福丁) سۇتسىمان مېيىنىڭ 3000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى، 5% لىك ئېسفېنۋالېرات (顺式氰戊菊酯) سۇتسىمان مېيىنىڭ 2000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى، 1.5% لىك ئابادىڭ (阿巴丁) سۇتسىمان مېيىنىڭ 3000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى، 20% لىك كاڭفۇدو (康复多) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 4000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى قاتارلىقلارنىڭ خالىغان بىرىنى تاللاپ، يېتىلگەن ھاشاراتنىڭ قانات چىقىرىشى يۇقىرى پەللىگە چىققان مەزگىلدە چۈشتىن بۇرۇن سائەت 8~12 گىچە چاچسا ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى بولىدۇ. (03)

# پارنىكتا قوغۇن ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى

نۇسرەت روزى    نۇرىزىيەگۈل ماخمۇت
(توقسۇن ناھىيە بوستان يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 838100)

**1. سورت تاللاش:** ئۆز جايىنىڭ ئىستېمال ئادىتىگە ۋە بازار ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان، تۆۋەن تېمپېراتۇرىغا، ئاجىز يورۇقلۇققا، ناقولاي شارائىتلارغا چىدامىلىق، پارنىكتا ئۆستۈرۈشكە ماس كېلىدىغان سورتلارنى تاللاش كېرەك.

**2. مايسا يېتىشتۈرۈش:** مايسا تېرىش 25~30 كۈنلۈك بولۇپ، 2~3 تال ھەقىقىي يوپۇرماق چىقارغاندا، پارنىكقا كۆچۈرۈپ تىكىلىدۇ.

**3. كۆچۈرۈپ تىكىش:** ھەربىر ئۆلچەملىك پارنىكقا 5~8 كۇب مېتىر چىرىگەن مەھەللىۋى ئوغۇت، 50 كىلوگىرام بىرىكمە ئوغۇت (复合肥)، 15~20 كىلوگىرام 50% لىك كالىي سۇلفات (硫酸钾) نى ئاساسىي ئوغۇت قىلىپ بېرىش كېرەك. قىر ئېگىزلىكىنى 70~80 سانتىمېتىر، قىر مەركىزىي ئارىلىقىنى 1.2~14 مېتىر قىلىپ، كىچىك ئېگىز قىر سېلىپ، تۈپ ئارىلىقىنى 55~66 سانتىمېتىر قىلىپ، ھەربىر قىرغا ئىككى قۇردىن ئۈچ بۇلۇڭ شەكىلدە مايسا كۆچۈرۈپ تىكىپ، ھەر مودا 1300 تۈپ مايسا بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

**4. ئۆسۈشنى تىزگىنلەش:** پىلەكنى يىپقا ئېسىپ يامانلاشتۇرۇپ ئۆستۈرۈش ھەم تاق پىلەك قالدۇرۇپ تاراش كېرەك. 12 ـ بوغۇمنىڭ ئاستىدىن ئۆسۈپ چىققان يان پىلەكلەر ۋاقتىدا ئۈزۈۋېتىش كېرەك، 13 ـ 15 ـ بوغۇمنىڭ يۇقىرىسىدىن ئۆسۈپ چىققان يان پىلەكلەر خەمەكلىتىلىش كېرەك. خەمەك چۈشۈپ 5~10 كۈندىن كېيىن، شەكلى نورمال، كېسەللىك، ھاشارات زىيىنىغا ئۇچرىمىغان خەمەكنى تاللاپ، ھەربىر تۈپتە بىردىن خەمەك قالدۇرۇش لازىم. خەمەك مۇقىملاشقاندىن كېيىن ئىككى قېتىم خەمەك يوغىنىتىش ئوغۇتى بېرىش، ھەر قېتىمدا ھەرمو يەرنى 10~15 كىلوگىرام ئازوت، فوسفور، كالىيلىق بىرىكمە ئوغۇت بىلەن قوشۇمچە ئوغۇتلاش لازىم.

**5. كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** قوغۇننى پارنىكتا ئۆستۈرگەندە ئاق توزان كېسىلى، قىروسىمان پاختىلىشىش كېسىلى قاتارلىقلار كۆپ كۆرۈلىدۇ. ئالدىنى ئېلىش ـ يوقى-

# پارنىكتا شاپتۇل ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

زۇلپىيە مەمتاجى
(قىزىلسۇ ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك مۇلازىمەت ئاسراش خىزمەت پونكىتىدىن 835350)

**1. سورت ۋە كۆچەت تاللاش:** بالدۇر پىشىدىغان، تۆۋەن تېمپېراتۇرىغا تويۇنۇش ۋاقتى قىسقا، مېۋىسى چوڭ، كۆركەم، مەھسۇلاتى يۇقىرى سورتلارنى تاللاش كېرەك ئالدىن ئۇلاپ يېتىشتۈرۈلگەن، كېسەللىك، ھاشارات زىيىنىغا ئۇچرىمىغان، بىخلىرى توق، يىلتىزى تەرەققىي قىلغان، تۈپى نىسبەتەن پاكار، توم، تىمەن كۆچەتلەر تاللىنىدۇ.

**2. كۆچۈرۈپ تىكىش زىچلىقىنى بەلگىلەش:** شاپتۇل پارنىكتا زىچ، پاكار ئۆستۈرۈلىدۇ. دەسلەپتە زىچ، كېيىن ئەھۋالغا قاراپ تەدرىجىي شالاڭلىتىش پىرىنسىپى قوللىنىلىدۇ. ئادەتتە 1m×1m، 1m×1.5m، 1m×2m، 1.5m×1.5m، 1.5m×2m دىن ئىبارەت بەش خىل زىچلىقتا ئۆستۈرۈلىدۇ. كونكرېت زىچلىقى پارنىكتىن پايدىلىنىش نىشانى، باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى قاتارلىق ئامىللارغا قاراپ بەلگىلەنسە بولىدۇ. ئادەتتە 1m×1.5m مېتىر بولغان زىچراق تىكىش ۋە 2m×1.5m مېتىرلىق شالاڭراق تىكىش كۆپرەك قوللىنىلىدۇ.

**3. كۆچۈرۈپ تىكىش ۋاقتى:** جەنۇبىي شىنجاڭدا 3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرا، ئاخىرلىرى كۆچۈرۈپ تىكىلىدۇ.

**4. كۆچۈرۈپ تىكىش ئۇسۇلى:** ئالدى بىلەن يەرنى قاندۇرۇپ سۇغىرىپ ئوسىسى تاۋلاشقاندىن كېيىن، تىكىش زىچلىقىغا ئاساسەن 60 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا، جەنۇب ـ شىمال يۆنىلىشىدە، چۆنەك ياكى يۇملاق

---

تىشتا ھاۋا ئالماشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، پارنىك نەملىكىنى مۇۋاپىق تەڭشەش لازىم. ئورگانىك ئوغۇتلار بىلەن كۆپرەك ئوغۇتلاپ، تۇپنىڭ نەملىك، كېسەللىك، ھاشارات زىيىنىغا بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنى كۆچەيتىش كېرەك. زىيانداش ھاشاراتلاردىن تاماكا تۇزان پىتى، كۆكپىت، قىزىل ئۆمۈچۈك، يوپۇرماق قېتى چىۋىنى قاتارلىقلار كۆپ كۆرۈلىدۇ. ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشتا سېرىق تاختايغا جەلپ قىلىپ يوقىتىش، ھاشارات توسۇش تورى بېكىتىش دېھقانچىلىق دورىسىز چېچىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك. (03)

ئورەك قېزىلىدۇ. قېزىشتا ئۈستى ـ ئاستىنىڭ توپىسى ئايرىم ـ ئايرىم دۆۋىلىنىدۇ، ئاندىن ئاستىغا يېتەرلىك مىقداردا چىرىتىلگەن ئېغىل قىغى سېلىپ، يەرنىڭ ئۈستى توپىسى بىلەن تەڭ نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ تۈز- لەپ، ئۈستىگە ئورەكنىڭ تەخمىنەن يېرىمىغا يەتكۈچە (كۆچەت يىلتىزىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراش كېرەك) يەر ئۈستى توپىسىنى سېلىپ چىڭداپ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە ئازراق يەر ئاستى توپىسى يېيىتىلىدۇ. كۆچەت توپىسى بىلەن قومۇرۇلغان بولسا بىۋاستە تىكىلىدۇ، توپىسىدىن ئايرىپ قومۇرۇلغان كۆچەتلەرنى ئاۋۋال 2 ـ3 سائەتكىچە سۇزۇك سۇغا چىلاپ، ئاندىن 1% لىك مىس سولفات (硫酸铜) ئېرىتمىسىگە 3 ـ 5 مىنۇت چىلاپ دېزىنفېكسىيە قىلغاندىن كېيىن، ABT يىلتىزلىتىش پاراشوكى (ABT 生根粉) نىڭ 50–100 مىللىگرام/كىلوگرام ئېرىتمىسىدىن تەييارلانغان پاتقاققا مىلەپ تىكىلىدۇ، تىككەندە يىلتىزىنى ئورەككە سې- لىپ، ئاستىدىن چىققان نەم توپىنى بىر تەرەپتىن تاشلاپ، بىر تەرەپتىن كۆچەتنى ئۈستىگە يېنىك تارتىپ قويۇپ دەسسەپ چىڭدىلىدۇ. تىكىش چوڭقۇرلۇقى كۆچەتنىڭ ئەسلىي يەر يۈزى تۇرغان ئورۇندىن 1 ـ 2 سانتى- مېتىر ئېگىزچە چوڭقۇر بولسا بولىدۇ.

**5. پەرۋىش قىلىش:** (1) غولىنى مۇقىملاش: كۆچەتنى تىكىپ بولۇپلا غولى مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن جەنۇب تەرەپتىكى كۆچەت 30 سانتىمېتىر، شىمال تەرەپتىكى 50 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە، جەنۇبتىن شىمالغا تەكشى ئېگىزلىك پەرقى بويىچە غولى مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ؛ (2) سۇغىرىش ۋە نەملىك ساقلاش: غولىنى مۇقىملاپ بولۇپلا قاندۇرۇپ سۇ- غىرىلىدۇ، سۇ سىڭىپ يەر تاۋلاشقان ھامان توپىسى چاغلاپ يۇمشىتىپ ئۈستىگە يالتىراق يوپۇق يېپىپ نەملىك ساقلاپ، تۇپراق تېمپېراتۇرىسىنى ئۆرلىتىپ، كۆچەتنىڭ ئەي بولۇشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. كېيىن تۇپراقنىڭ نەملىك ئەھۋالىغا قاراپ يوپۇق ئاستىدىن مۇۋاپىق ۋاقىتتا تېمىتىپ سۇ- غىرىلىدۇ؛ (3) كىرىشتۇرۇپ تېرىش: پارنىكتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، شاپتۇل تىكىلگەن پارنىكلاردا بۆلجۈرگەن، مۈچ، پا- لەك، كۈدە، يېسىۋىلەك، چامغۇر قاتارلىق پاكار غوللۇق كۆكتاتلار كى-

رىشتۇرۇپ ئۆستۈرۈلسە بولىدۇ، كۆچەت ئەي بولغاندىن كېيىن، ئۆز ۋاقتىدا تۇتمىغانلىرىنىڭ ئورنىغا تولۇقلاپ تىكىش كېرەك؛ (4) سۇغىرىش ۋە ئوغۇتلاش: كۆچەت ئەي بولۇپ يېڭى بىخ چىقىرىشقا باشلىغاندا يەنە بىر قېتىم سۇغىرىلىدۇ، يېڭى نوتا 15 سانتىمېتىر بولغاندا سۇغىرىشتىن بۇرۇن ھەربىر تۈپكە 30 ـ 50 گىرامغىچە ئورىيا بېرىش، غول، يوپۇرماقلىرىغا 0.2% لىك ئورىيا (尿素) ئېرىتمىسىنى ھەر 10 كۈندە بىر قېتىم جەمئىي 2 ـ 3 قېتىم پۈركۈش، كېيىن تۇپراق نەملىكىگە قاراپ ھەر 7 ـ 10 كۈندە بىر قېتىم سۇغىرىپ تۇپراقنى نەم ھالەتتە ساقلاش كېرەك؛ (5) چاتاش: ئەتىيازدا، يازدا، كۈزدە ئۈچ قېتىم چاتاش كېرەك. ئەتىيازدا يېڭى نوتا 5 ـ 10 سانتىمېتىر ئۆسكەندە يەر يۈزىدىن 15 ـ 20 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتىكى ئۆسۈشى تېمەن، يۆنىلىشى توغرا 2 ـ 3 تال نوتىنى تاللاپ ئاساسىي شاخ قىلىپ تەربىيەلىنىدۇ ۋە ئۈستىدىكى زىچ شاخلار پۈتۈنلەي شالاڭلىتىلىدۇ. يېڭى نوتا 30 ـ 40 سانتىمېتىر ئۆسكەندە ئۈچىنى ئۈزۈپ يان شاخ چىقىرىش ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. كۆپ قېتىم ئۈچىنى ئۈزۈپ نىدىشانلىق قالدۇرۇلغان شاخلاردىن باشقىلىرىنى چاتاپ ياكى بىخىنى ئېلىپ، ئاساسىي ۋە يان شاخلارنىڭ ئۆسۈشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. يازدا چاتاش، ئۈچىنى ئۈزۈشنى توختىتىپ، شاخلارنى كېرىپ، يورۇقلۇق ئۆتۈشىشىنى كۈچەيتىپ، گۈل بىخلىرىنىڭ بۆلۈنۈشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ، بۇ تەدبىر 7 ـ ئاي ئىچى ئېلىپ بېرىلىدۇ. كۈزدە شاخلارنى شالاڭلىتىش بىلەن سۇغىدىرىشنى تىزگىنلەپ ئۈزۈقلۇق توپلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. 8 ـ ئاي كىرگەندىن كېيىن بويىغا زورلاپ ئۆسۈپ كەتكەن شاخلارنى قىسقارتىش، زىچ ئۆسكەن ھارام، ياۋا شاخلارنى چاتاش ئارقىلىق پۈتۈن تۈپ شالاڭلىتىلىدۇ. سۇغىرىش، تۇپراقتىن ئوغۇتلاشنى تىزگىنلەپ، غول، يوپۇرماقتا 0.2% لىك كالىي ھىدرو فوسفات ئېرىتمىسى (磷酸二氢钾) نى 2 ـ 3 قېتىم پۈركۈپ، تۈپلەرنىڭ ھاياتىي كۈچى ئاشۇرۇلىدۇ؛ (6) پاكلوبوترازول (多效唑) ئارقىلىق تىزگىنلەش: بۇ كۆپ ئۈنۈملۈك ئازول دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ باراقسان ئۆسۈشىنى تىزگىنلەپ، گۈل بىخلىرىنىڭ بۆلۈنۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بالدۇر مېۋىگە كىرگۈزۈشكە

رولىنى ئوينايدۇ. 7 ـ ئاي كىرگەن ھامان 200 ـ 300 ھەسسىلىك سۇ-يۇقلۇقنى ھەر 10 ـ 15 كۈندە بىر قېتىم جەمئىي ئۈچ قېتىم، غول يوپۇر-ماقلارغا تولۇق ھۆل بولغۇچە چېچىلىدۇ. ئەڭ ياخشىسى كۆچەتنىڭ دورىغا بولغان ئىنكاسىغا قاراپ 1 ـ قېتىم 300 ـ 400 ھەسسىگىچە، 2 ـ قېتىم 250 ـ 350 ھەسسىگىچە، 3 ـ قېتىم 200 ـ 300 ھەسسىگىچە تەڭشەپ ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ ۋە ياكى يۇقىرىراق قويۇقلۇقتا تەڭشەپ بىرلا قېتىم ئىشلەتسىمۇ ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

**6. يىغىۋېلىش:** شاپتۇل مېۋىسى ئۈچ باسقۇچلۇق پىشىش جەريانىدىن ئۆتىدۇ. (1) دەسلەپكى پىشىش: مېۋىنىڭ 60% ـ 70% گىچە قىسمى رەڭ ھاسىل قىلىپ، قالغان قىسمى سارغۇچ ياكى سارغۇچ يېشىل ھالەتتە بو-لىدۇ. مېۋە ئېتى سەل يۇمشىغان، ئاجىز خۇشپۇراق تارتقان بولىدۇ، مېۋە پوستى ئېتىدىن ئايرىلمايدۇ؛ (2) ئوتتۇراھال پىشىش: مېۋىنىڭ 70% ـ 85% قىسمى رەڭلىنىپ بولغان، قالغان قىسمى سارغايغان، ئاساسەن يۇم-شاپ بولغان، خېلىلا خۇشپۇراق تارقاتقان بولىدۇ. مېۋە پوستى ئېتىدىن سەل ئاجرايدۇ، بىراق تولۇق ئاجرىمايدۇ، پوستى قېلىن بولىدۇ؛ (3) تولۇق پىشىش: مېۋىسى ئاساسەن رەڭلىنىپ بولغان ھەم تولۇق يۇمشىغان، كۈچ-لۈك خۇشپۇراق تارقاتقان بولىدۇ، نېپىز پوستى ئاسان ئايرىلىدۇ. مېۋىنى يىغىۋېلىشتا سېتىپ چىقىرىش ۋاقتى ۋە يۆتكەش ئارىلىقىغا قاراش كې-رەك. يېقىن ئەتراپتا 1 ـ 2 كۈن ئىچىدە ئىستېمال قىلىپ بولىدىغانلىرى تولۇق پىشقاندا، 2 ـ 3 كۈندە سېتىپ چىقىرىلىدىغان ياكى يېقىن ئەتراپقا توشۇلىدىغان بولسا، ئوتتۇراھال پىشىش مەزگىلىدە، بىر ھەپتە ئىچىدە سېتىپ چىقىرىلىدىغان ياكى يىراقراق مۇساپىگە توشۇلىدىغان بولسا، دەسلەپكى پىشىشنى تاماملىغان مەزگىلدە يىغىۋالسا بولىدۇ. مېۋىنى يىغى-ۋېلىشتا ئەتىگەندە شەبنەم قۇرىغاندىن كېيىن، ھاۋا ئىسسىشتىن بۇرۇن (سائەت 10 دىن بۇرۇن) يىغىۋېلىنسا سۈپىتى ياخشى بولىدۇ. مېۋە سايىقى تەرەپتىن بوش تۇتۇپ تولغاپ ئۈزۈپ ئېلىپ ئاستا قويۇلىدۇ. (03)

# خىمىيەۋى ئوغۇت سېتىۋېلىشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

مەمەتئىلى ئابباس
(يوپۇرغا ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 844600)

ئوغۇتچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئىشلىتىدىغان خىمىيەۋى ئوغۇتلارنىڭ تۈرلىرىمۇ كۆپەيدى. ھازىر بازاردا خىمىيەۋى ئوغۇتلارنىڭ تۈرلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بەزى ساختا، سۈپىتى ناچار ئوغۇتلارمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. دېھقانلارنىڭ خىمىيەۋى ئوغۇت سېتىۋېلىش جەھەتتىكى تونۇشىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، قايسى خىل ئوغۇت ۋە قايسى خىل ئوغۇتلاش ئۇسۇلىنىڭ قايسى خىل زىرائەتلەرگە ماس كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ ـ بىلمەسلىكى سەۋەبىدىن، قارىغۇلارچە ئوغۇت سېتىۋېلىپ تەننەرخى ئېشىپ، ئوغۇت ئۈنۈمى تۆۋەن بولىدىغان ئەھۋاللار يەنىلا كۆرۈلۈۋاتىدۇ.

1. دېھقانلار خىمىيەۋى ئوغۇت سېتىۋالغاندا ئۆز يېرىنىڭ تۇپراق ئەھۋالى ۋە تېرىماقچى بولغان زىرائەتلەرنىڭ ئوزۇقلۇق ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان ئوغۇت تۈرلىرىنى تاللاپ سېتىۋېلىشى لازىم.

2. خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ باھاسىغىلا قارىماي، شۇ ئوغۇتنىڭ ئۈنۈملۈك تەركىبى، ئومۇمىي ئوزۇقلۇق مىقدارى، ئوغۇت ئىشلەپچىقارغان زاۋۇت نامى، زاۋۇت ئادرېسى، مەھسۇلات نامى، ماركىسى، ئۆلچەم بىرلىكى، ئوغۇتنىڭ ئۈنۈملۈك ۋاقتى، ساپ ئېغىرلىقى، دەرىجىسى، ئۆلچەم نومۇرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەت گۇۋاھنامىسىنىڭ نومۇرى قاتارلىقلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم. دۆلەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى بەلگىلىگەن يۇقىرىدىكى ئۆلچەم ۋە بەلگىلەر يوق ياكى تولۇق بولمىغان ئوغۇتلارنى قەتئىي سېتىۋالماسلىق كېرەك.

3. خىمىيەۋى ئوغۇت ئورالغان خالتا ئېغىزىنىڭ پىچىتىنى تەكشۈرۈش كېرەك. پىچەتتە يىرتىلغان ياكى قايتا تىكىلگەن ئىزلار بولسا بۇ خىلدىكى ئوغۇتلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم. چۈنكى بۇ خىل ئوغۇتلار باشقا ئوغۇتلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن ياكى ئالماشتۇرۇۋېتىلگەن ئوغۇتلار بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا بۇنداق ئوغۇتلارنىمۇ سېتىۋالماسلىق كېرەك.

# پاتقاق گازى چىرىندى سۇيۇقلۇقىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش

مەريەم توختى
(ئونسۇ ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك رادىيو ـ تېلېۋىزىيە مەكتەپتىن 843000)

پاتقاق گازى چىرىندى سۇيۇقلۇقى ۋە چىرىندىسى زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئەلا سۈپەتلىك ئورگانىك ئوغۇت ھېسابلىنىدۇ. پاتقاق گازى سۇيۇقلۇقى ۋە چىرىندىسى تەركىبىدىكى ئازوت مىقدارى دۆلىمە ئورگانىك ئوغۇتتىن 40% ـ 50%، كالىي مىقدارى 80% ـ 90%، زىرائەتلەرنىڭ پايدىلىنىش نىسبىتى 10% ـ 20% يۇقىرى بولىدىكەن. پاتقاق گازى چىرىندى سۇيۇقلۇقىنى ئۇرۇق چىلاش، يوپۇرماقتىن ئوغۇت قىلىپ پۈركۈش، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

**1. ئۇرۇق چىلاش:** ئادەتتە ئۇرۇقنى پاتقاق گازى چىرىندى سۇيۇقلۇقىغا يېتەرلىك سۇ سۈمۈرۈۋالغۇچىلىك چىلاپ قويسا بولىدۇ. ئۇرۇقنى چىلاپ بولغاندىن كېيىن، پاكىز سۇدا پاكىز چايقاپ بىخلاندۇرۇپ تېرىلىدۇ. مەسىلەن، بۇغداي ئۇرۇقى تېرىلىشتىن بىر كۈن بۇرۇن 12 سائەت چىلىنىدۇ. قوناق ئۇرۇقى 12 ـ 16 سائەتكىچە چىلىنىدۇ. ئاندىن ئۇرۇقنى سۈزۈپ ئېلىپ پاكىز سۇدا چايقاپ شامالدىتىپ تېرىسا بولىدۇ. بىراق شۇنىڭغا دىق-

4. بەزى ئوغۇتلار ھەقىقەتەن راست بولسىمۇ ئەمما ئوزۇقلۇق مىقدارى ئىنتايىن تۆۋەن بولۇپ ئوغۇت ئۈنۈمدارلىقىمۇ ناھايىتى تۆۋەن بولىدۇ، شۇڭا بۇ خىلدىكى ئوغۇتلارنى تاللىماستىن، يۇقىرى تەركىبلىك ئومۇمىي ئوزۇقلۇق مىقدارى يۇقىرى ئوغۇتلارنى تاللاپ سېتىۋېلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

5. دېھقانلار خىمىيەۋى ئوغۇتلارنى تاللاپ سېتىۋالغاندا ئوغۇتنىڭ رەڭگى ۋە دانىچىلىرىغا كۆپرەك دىققەت قىلىپ كۆزىتىشى، ئازوت، فوسفور، كالىينىڭ پىرسەنتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

6. ئوغۇت سېتىۋالغاندا چوقۇم تالون ئېلىۋېلىش ساقلاپ قويۇشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. (05)

قەت قىلىش كېرەككى، نورمال گاز ھاسىل قىلغىلى بىر ئايدىن كۆپ-رەك بولغان پاتقاق گازى كۆلچىكىنىڭ سۈيۈقلۇقىنى ئۇرۇق چىلاشقا ئىشلىتىش كېرەك.

**2. زىرائەتلەرنى يوپۇرماقتىن ئوغۇتلاش:** (1) ئوغۇتلاش ئۇسۇلى: پاتقاق گازى سۈيۈقلۇقى بىلەن زىرائەتلەرنىڭ ئايرىم ئوغۇتلاشقىمۇ خىمىيەلىك ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىسى قاتارلىقلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئوغۇتلاشقىمۇ بولىدۇ. ئوغۇتلاشتىن بۇرۇن پاتقاق گازى سۈيۈقلۇقى سۈزۈلدۈرۈپ، پاكىز رەخت ياكى كىچىك كۆزنەكلىك ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. (2) ئوغۇتلاش مەزگىلى: ئادەتتە زىرائەت بىخلىنىپ نوتا چىقىرىش مەزگىلىدە چېچەكلەش مەزگىلىدە مېۋىنىڭ دەسلەپكى يوغىناش مەزگىلىدە كېسەللىك، ھاشاراتلارنىڭ پەيدا بولۇش مەزگىلىدە ھەر 10 كۈندە بىر قېتىم يوپۇرماقتىن ئوغۇتلىنىدۇ؛ (3) ئوغۇتلاش ۋاقتى: ئادەتتە چۈشتىن بۇرۇن، شەبنەم قۇرۇغاندىن كېيىن، چۈشتىن كېيىن سائەت تۆت ئەتراپىدا بولسا ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى بولىدۇ. يۇقىرى تېمپېراتۇرا ۋە يامغۇر ياغقان مەزگىللەردە ئوغۇتلىماسلىق كېرەك؛ (4) قويۇقلۇقى زىرائەتلەرنىڭ يومران مايسا مەزگىلى ۋە يېڭى يوپۇرماق چىقارغان مەزگىلدە بىر ئۈلۈش پاتقاق گازى چىرىندى سۈيۈقلۇقىغا ئىككى ئۈلۈش سۇ قوشۇپ چېچىلىدۇ. ياز پەسلىدىكى يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا بىر ئۈلۈش پاتقاق گازى سۈيۈقلۇقىغا بىر ئۈلۈش پاكىز سۇ قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ. ئىشلىتىش مىقدارى دېھقانچىلىق زىرائەتلەرنىڭ سورتى ۋە ئۆسۈش ئالاھىدىلىكىگە قاراپ بېكىتىلىدۇ، ئادەتتە ھەر مو يەرگە 40 ـ 100 كىلوگىرام ئىشلىتىلىدۇ.

**3. پاتقاق گازى چىرىندى سۈيۈقلۇقى ئارقىلىق زىرائەتلەردىكى كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش:** (1) كۆكتاتلاردىكى كۆكپىتىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ، يەنى ھەر مو يەرگە 30 كىلوگىرام چاچقان گازنى چىرىندى سۈيۈقلۇقى تەييارلاپ، 10 كىلوگىرام سوپۇن پاراشوكى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ پۈركۈلىدۇ، ياز كۈنلىرى تېمپېراتۇرا يۇقىرىراق بولغان ۋاقىتتا بۇۋاستە چاچسىمۇ بولىدۇ؛ (2) بۇغداي

# قومۇل چىلىنىنى ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ئۆستۈرۈشنىڭ تېخنىكىلىق تەدبىرلىرى

ئىسكەندەر ئىبراھىم
(قومۇل ۋىلايەتلىك ئورمان باشقۇرۇش پونكىتىدىن 839000)

**1. تۇپراق پەرۋىشى:** (1) ئادەتتە تۇپراقنى 20 ـ 30 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ياكى ئوتتۇراھال ئاغدۇرۇپ، يەرنىڭ ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق، يەر تېمپېراتۇرىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، يىلتىز قىسمىنىڭ ئۆسۈشىنى پايدىلىق شارائىتلار بىلەن تەمىنلەپ، ھاشارات لىچىنكىلىرى ھەم تۇخۇملىرىنى يوقىتىپ، يەرنىڭ نەملىكىنى ساقلاشقا كاپالەتلىك قىلىش؛ (2) دەرەخ تۈۋىنى يۇمشىتىش: دەرەخ تۈۋىدىكى 1 ـ 2 مېتىر دائىرىدىكى تۇپراقنى يەنى دەرەخ يېنىدىكى يەرلەرنى تېيىززراق، دەرەختىن يىراقلاشقانسېرى چوڭقۇرراق (20 ـ 30 سانتىمېتىر) يۇمشىتىش ئارقىلىق، يەرنىڭ ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقىنى ياخشىلاش؛ (3) ياز پەسلىدىكى ئۆسۈش مەزگىلىدىكى پەرۋىشنى كۈچەيتىش: دەرەخ يېنىدا ئۆسكەن ئوت ـ چۆپلەرنى بالدۇر يوقىتىش، كىچىك ۋاقتىدا يوقۇتۇش، پاكىز يوقىتىش پىرىنسىپى بويىچە ئېتىز ـ ئېرىق پەرۋىشىنى كۈچەيتىش كېرەك.

**2. ئوغۇتلاش:** (1) ئاساسىي ئوغۇت بېرىش: چىلان دەرىخى بىر يىلدا كۆپ قېتىم ئوغۇت بېرىشنى تەلەپ قىلىدىغان دەرەخ تۈرى بولۇپ، ئادەتتە مېۋىسى يىغىۋېلىنغاندىن تارتىپ يوپۇرماق چۈشكۈچە بولغان ئارىلىقتا

---

كۆكپىتىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ، يەنى ھەر مو يەرگە 50 كىلوگىرام پاتقاق گازى چىرىندى سۈيۈقلۇقىغا 2.5 گىرام روگور (乐果) قوشۇپ، ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى شەبنەم قۇرۇغاندىن كېيىن پۈركۈسە بولىدۇ. ئەگەر ئالتە سائەت ئىچىدە يامغۇر يېغىپ قالسا قايتا پۈركۈش كېرەك؛ (3) شال كېپىنىكىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ، يەنى بىر ئۈلۈش پاتقاق گازى چىرىندى سۈيۈقلۇقىغا بىر ئۈلۈش سۇ ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەكشى چېچىلىدۇ، بۇنداق قىلغاندا بىرلا ۋاقىتتا زىرائەتلەرگە ئوزۇقلۇق تولۇقلىغىلى ھەمدە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. (05)

ئورگانىك ئوغۇتنى (مەھەللىۋى ئوغۇتنى) ئاساس قىلىپ، ھەربىر تۈپى 25 ـ 30 كىلوگىرام مەھەللىۋى ئوغۇت، فوسفور، كالىيلىق بىرىكمە ئوغۇتلارنى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش كېرەك.

**3. ئاساسى ئوغۇت بىلەن كۈزدە ئوغۇتلاش ئۇسۇلى:** كۈزدە مېۋە يىغىۋېلىنىپ، توڭ ياتقۇزۇش ئىلگىرى ئېلىپ بېرىلىدۇ. شارائىتى بار چىلانلىق باغلاردا چىلان دەرىخىنىڭ يېشىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە دەرەخ تاجىسىنىڭ كەڭ ـ تارلىقى بويىچە، دەرەخ تۈۋىدىن ئاز دېگەندە 80 سانتىمېتىر يىراقلىقتا، 20 ـ 30 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا، 30 سانتىمېتىر كەڭلىكتە ئورەك كولاپ، ئۇقىرىدا بەلگىلەنگەن مىقداردىكى مەھەللىۋى ئوغۇت ۋە بىرىكمە ئوغۇتلار بىلەن ئوغۇتلاپ، ئاندىن توڭ سۈيىنى قويغان ياخشى. ئەگەر بىر چەمبەر ئايلاندۇرۇپ ئوغۇتلاش شارائىتى بولمىسا، يېرىم چەمبەر ياكى شارائىتقا قارىتا بىرقانچە ئورەك ئويۇپ ياكى پۈتۈن يەرگە ئوغۇت چېچىپ ئاغدۇرۇپ، توڭ سۈيىنى قويسىمۇ بولىدۇ. كۈزدە ئوغۇتلاش شەكلىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ چىلان دەرىخىنىڭ قىشتىن بىخەتەر ئۆتۈشى ۋە كېلەر يىلى مۇقىم مەھسۇلات ئېلىشقا پايدىلىق بولىدۇ. ئەگەر چىلانلىق باغلاردا كۈزدە ئوغۇتلاش ئېلىپ بېرىلمىغان بولسا، كېلەر يىلى ئەتىيازدا 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، كۈزدە ئوغۇتلاش شەكلى ۋە مىقدارى بويىچە چىرىتىلگەن ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش ئارقىلىق شۇ يىلىمۇ مۇقىم ھوسۇل ئېلىشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

(2) قوشۇمچە ئوغۇت بېرىش مىقدارى ۋە ۋاقتى. يېتىلگەن چوڭ دەرەخلەرگە قوشۇمچە ئوغۇت ئاساسەن تۆت قېتىمغا بۆلۈپ بېرىلىدۇ. ① 4 ـ ئاينىڭ باشلىرى بىخ سۈرۈشتىن ئىلگىرى ھەر بىر تۈپ دەرەخكە ئورېيا (尿素) دىن 0.3 ـ 0.5 كىلوگىرام، سوفىر فوسفات (过鳞酸钙) تىن 0.4 ـ 0.5 كىلوگىرام بېرىش؛ ② 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، چېچەكلەشتىن بۇرۇنقى ئاممونىيلىق فوسفات (磷酸二胺) تىن 0.3 ـ 0.5 كىلوگىرام، كالىي سولفات (磷酸钾) تىن 0.5 ـ0.7 كىلوگىرام بېرىش؛ ③ 6 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىن 7ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە، مېۋە غورىسى يوغىناش مەزگىلىدە ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات (磷酸二胺) تىن 0.3 ـ 0.5 كىلوگىرام، كالىي سولفات (磷酸钾) تىن 0.5 ـ 0.7 كىلوگىرام بېرىش؛ ④ 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى مېۋە تېز يوغىناش مەزگىلىدىكى ئاممونىيلىق فوسفاتتىن 0.3 ـ 0.5 كىلوگىرام كالىي سولفات(磷酸钾) تىن 0.4 ـ 0.5 كىلوگىرام بېرىش كېرەك. (3) ① قوشۇمچە ئوغۇت بېرىش ئۇسۇلى: ئورەك ئېچىپ ئو-

غۇتلاش: دەرەخ تاجىسىنىڭ ئاستىدىن يەنى دەرەخ تۈۋىدىن 70 ـ 80 سانتىمېتىر قالدۇرۇپ، ھالقىسىمان ياكى يېرىم چەمبەر ياكى نۇرسىمان شەكىلدە 10 ـ 20 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا، تېيىز ئېرىق ئېچىپ ياكى 10 ـ 20 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى كىچىك ئورەكتىن 8 ـ 15 تال كولاپ، ئوغۇتنى تۆكۈپ كۆمۈپ، ۋاقتىدا سۇغۇرىش؛ ② ئومۇمىيۈزلۈك چېچىپ ئوغۇتلاش؛ ③ يوپۇرماق يۈزىدىن ئوغۇتلاش؛ بىرىنچى، چىلان دەرىخى ئادەتتە يوپۇرماق چىقارغاندىن باشلاپ، ھەر 10 ـ 15 كۈندە بىر قېتىم ئورىيا (尿素) دىن 250 ـ 300 گىرام، كالىي ھىدرو فوسفاتتىن 250 ـ 300 گىرامنى 100 كىلوگىرام سۇغا تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، يوپۇرماق يۈزىگە تەكشى پۈركۈش؛ ئىككىنچى، چېچەك مەزگىلىدە، چېچەكنىڭ چۈشۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بىر گىرام بور ئوغۇتنى (硼肥)، بىر كىلوگىرام سۇغا تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، يوپۇرماق يۈزىگە تەكشى پۈركۈش؛ ئۈچىنچى، چېچەكتىن كېيىن مېۋە يوغىناش مەزگىلىدە مېۋىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە مېۋىلەرنىڭ تەكشى چوڭلىشى ئۈچۈن، مىكرو ئېلېمېنتلىق ئوغۇتلاردىن بور، سىنىك، مانگان، تۆمۈر (锰، 锌، 硼، 铁) قاتارلىق ئوغۇتلارنى 500 ـ 600 ھەسسە سۇيۇقلاندۇرۇپ، 10 ـ 15 كۈندە ھاۋا ئوچۇق، شامالسىز كۈنلەردە يوپۇرماق يۈزىگە تەكشى پۈركۈش كېرەك.

**4. سۇغۇرۇش:** چىلان دەرىخىنى مۇۋاپىق ۋاقىتتا مۇۋاپىق سۇغۇرۇش، ۋاقتىدا سۇيىنى كونترول قىلىپ ۋاقتىدا توك سۇيىنى قويۇش لازىم. ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك ئالتە قېتىملىق ھەل قىلغۇچ سۇلىرىنى مۇۋاپىق سۇغۇرۇش كېرەك: (1) بىخ سۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش سۇيى: باش ئەتىيازدا دەرەخ بىخ سۈرۈشتىن ئىلگىرى (4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى) قوشۇمچە ئوغۇت بېرىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بىر قېتىم سۇغۇرۇش كېرەك. (2) چېچەكلەشنى ئىلگىرى سۈرۈش سۇيى: چىلان 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى چېچەكلەشكە باشلاپ، 6 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا قويۇق چېچەكلەش مەزگىلىگە كىرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ھاۋا قۇرغاق بولغاچقا، چېچەكلەر سولىشىپ، مېۋە تۇتۇش نىسبىتى تۆۋەنلەيدۇ. شۇڭا چېچەك مەزگىلىدىكى سۇغۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك؛ (3) مېۋىسىنى ساقلاپ قېلىش سۇيى: مېۋە غورىسى يېتىلىش مەزگىلىدە سۇغا بولغان ئېھتىياجى كۆپرەك بولىدۇ. چۈنكى بۇ دەل 7 ـ ئاينىڭ باشلىرى ھاۋا ئىسسىغان ۋاقىت بولغاچقا، سۇغۇرۇشنى ئوغۇتلاش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىش لازىم؛ (4) مېۋە يوغىنىتىش

سۇيى: 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى 8 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا سۇغارغاندا، مېۋە چوڭلاپ، مەھسۇلات يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ ھەم بۇ قېتىمقى سۇيى مېۋە سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئوغۇتلاش بىلەن بىرلا ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىش لازىم؛ (5) سۇنى كونترول قىلىش: 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى سۇ كونترول قىلىنىپ، قىشتىن بىخەتەر ئۆتۈشى ئۈچۈن، تەييارلىق خىزمىتى ئىشلىنىدۇ (6) توڭ سۇيى: 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن بۇرۇن سۇغارغاندا، چىلان دەرىخىنىڭ قىش پەسلىدىكى قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، چىلان غولىنىڭ يېرىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ، بۇنى ئاساسى ئوغۇت بېرىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىش لازىم.

**5. غول بەلگىلەپ، شەكىلگە كىرگۈزۈپ چاتاش:** ئاساسلىق دەرەخ شەكىللىرىدىن شالاڭ تارقاقلاشقان قەۋەتسىمان شەكىل، يېيىلما شەكىل ۋە تەبىئىي كونوكسىمان شەكىل قاتارلىقلار بار. (1) غول بەلگىلەش: زىچ تىكىلگەن باغچىلاردا ئادەتتە غول ئېگىزلىكى 40 ـ 50 سانتىمېتىر بېكىتىلىپ، چىلان دەرىخى بىلەن كېۋەز كىرىشتۈرۈلۈپ تېرىلغان باغلاردا ئادەتتە غول ئېگىزلىكى 80 ـ 100 سانتىمېتىر قىلىپ بېكىتىلىدۇ. (2) رەتلەپ شەكىلگە كىرگۈزۈش: ① شالاڭ تارقاق قەۋەتسىمان شەكىل، مەركىزى غولدا 2 ـ 3 قەۋەت ئاساسى شاخلار ئۆسكەن بولىدۇ. بىرىنچى قەۋەتتە 3 ـ 4 تال ئاساسى شاخ تەكشى ھالدا تۆت تەرەپكە تارقالغان بولۇپ، كېرىلىش بۇلۇڭى 60 ـ 70 گىرادوس بولىدۇ. ئىككىنچى قەۋەتتە 2 ـ 3 تال ئاساسى شاخ بولۇپ، ئۆسۈش يۆنىلىشى بىرىنچى قەۋەتتىكى ئاساسى شاخ بىلەن ئۆتۈشۈپ ئۆسىدۇ. ئۈچىنچى قەۋەتتە 1 ـ 2 تال ئاساسى شاخ بولىدۇ. ② يېيىلما شەكىل: ئاساسى شاخنىڭ ئاساسى بۇلۇڭى، ئاساسى غولدا 3 ـ 4 تال ئاساسى شاخ نۆۋەتلىشىپ ياكى گىرەلىشىپ ئۆسىدۇ. ئاساسى شاخنىڭ ئاساسى شېخىدا 2 ـ 4 تال يان شاخ ئۆسكەن بولۇپ، ئېگىزلىكى 100 سانتىمېتىر بولىدۇ؛ ③ تەبىئىي كونۇسسىمان شەكىل: ئاساسى شاخ 7 ـ 10 تالغىچە بولۇپ، مەركىزىي غولغا نۆۋەتلىشىپ ئورۇنلاشقان بولۇپ، قەۋەت ئايرىمايدۇ، ئاساسى شاخلار يېتىلدۈرۈلمەيدۇ. مېۋە شاخ گۇرۇپپىسى ئۆستۈرۈلۈپ، شاخ ئاستىدىكى غول ئېگىزلىكى 50 ـ 70 سانتىمېتىر بولۇپ، بۇ خىل شەكىلگە كىرگۈزۈلگەن دەرەخنىڭ دەرەخ تاجىسى كىچىك، زىچ تىكىشكە مۇۋاپىق كېلىدۇ. (3) چىلان دەرىخىنى پۇتاش: يازلىق ۋە قىشلىق پۇتاقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. (ئادەتتە يازلىق پۇتاق-

نى ئاساس، قىشلىق پۇتاقنى قوشۇمچە قىلىش لازىم.) قىشلىق پۇتاش ئۇسۇلى ۋە مەزگىلى: چىلان دەرەخىنىڭ قىشلىق پۇتىغى ئادەتتە رايونىمىزنىڭ كىلىمات ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، چىلان دەرىخى بىخلىنىشتىن بۇرۇن ئېلىپ بېرىلىدۇ. پۇتاشنىڭ مەقسىدى: دەرەخ تاجىسىنىڭ ھاۋا ۋە كۈن نۇرى ئۆتكۈزۈشچانلىق قۇرۇلمىسىنى ساقلاپ، شاخلارنى تەكشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، پىلانلىق ھالدا مېۋە بەرگۈچى بىخلارنى يېڭىلاپ، شۇنداقلا ھەر بىر شاخ گۇرۇپپىسىنىڭ بىر قەدەر ئۇزاق مېۋە بېرىش يىل چەكلىمىسىنى ساقلاپ، يۇقىرى مېۋە بېرىش ئىقتىدارىنى ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇش. پۇتاش ئۇسۇلى ئاساسلىق، مەركىزىي دەرەخنىڭ ئۈچىنى كېسىۋېتىش، دەرەخ تاجى چوڭ بولغان مېۋە بېرىۋاتقان دەرەخلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مېۋە بەرگۈچى شاخلارنىڭ كۆپ قىسمى ئاساسەن مەركىزى غولنىڭ ئۈچىغا مەركەزلەشكەن بولغاچقا مەركىزى غولنىڭ ئۈچىنى كېسىۋەتكەندە، مەھسۇلاتقا كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا مەركىزى غولنىڭ ئۈچىنى كېسىشنى 2 ـ 3 يىلغا بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرسا بولىدۇ. بىرىنچى يىلى دەرەخ ئېگىزلىكىنى 3.5 مېتىر، ئۇندىن كېيىن ئۈچ مېتىر ئىچىدە كونترول قىلىپ، دەرەخ تاجىسىنىڭ كۈن نۇرى ۋە ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقىنى ياخشىلاشتىن ئىبارەت. چىلان دەرىخىنى يازلىق پۇتاش ۋاقتى ۋە ئۇسۇلى: يازلىق پۇتاشنى 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئېلىپ بارسا ئەڭ مۇۋاپىق. يازلىق پۇتاش چىلان تاجىسىنىڭ بەك باراقسان ئۆسۈپ كېتىشىنى كونترول قىلىپ، ئوزۇقلۇقنىڭ خوراپ كېتىشىنى ئازايتىپ، مېۋە تۇتۇش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، چىلان مەھسۇلاتىنى ۋە سۈپىتىنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. يازلىق پۇتاش يەنە ئۈچىنى ئۈزۈش، بىخ سىرىش، شاخ تولغاش، ھالقىسىمان قوۋزاق كېسىش قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**6. كېسەللىك، زىيانداش ھاشارەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقۇتۇش:** چىلان دەرىخىگە زىيان كەلتۈرىدىغان ھاشارەتلەردىن قىزىل ئۆمۈچۈك، چىلان توزانلىق قاسىراقلىق قۇرتى، شارسىمان چوڭ قاسىراقلىق قۇرتى، قارا تىۋىتلىق ماي قوڭغۇز، نەشپۈت قاسىراقلىق قۇرتى قاتارلىقلار بار. كېسەللىكلەردىن يوپۇرماق سەپكۈنى، چىلان چىرىش كېسىلى، چىلان 1 ـ نومۇرلۇق كېسىلى قاتارلىقلار بار. ھەر يىلى باھار، كۈزدە ھاك ـ گۈڭگۈرت بىرىكمىسى بىلەن چىلان دەرەخ غولىنى ئاقارتىپ، قىشتىن

ئۆتكەن قۇرت ـ قوڭغۇز، باكتېرىيىلەرنى يوقىتىش لازىم. (1) قىزىل ئۆمۈچۈك: ئادەتتە يوپۇرماققا زىيان سالىدۇ. يوپۇرماقنى سارغايتىپ، بالدۇر يوپۇرماق ۋە مېۋە تۆكۈلۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، مەھسۇلات ۋە سۈپەتكە زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. 6 ـ 8 ئايلاردا زىيىنى ئەڭ ئېغىر بولۇپ، 6 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىن 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى 40% لىك دىكوفول ئېمولسىيەسىنىڭ 1000 ـ 1500 ھەسسە سۇيۇقلىقىنى، 20% مەنسىجىنىڭ ئېرىشچان پاراشوگىنىڭ (满死净可湿性粉剂) 2000 ھەسسە سۇيۇقلىقىنى ئىشلىتىش؛ (2) چىلان توزانلىق قاسىراقلىق قۇرۇتى: بۇ قۇرت چىلان بىخى، يوپۇرمىقى ۋە شېخىغا زىيان يەتكۈزىدۇ. يوپۇرمىقىنى سارغايتىپ، مېۋىسىنى سولاشتۇرۇپ، دەرەخ تېنىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ. 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى ۋە ئاخىرلىرى بائومى 5 ـ 8 گىرادوسلۇق ھاك ـ گۈڭگۈرت ئېرىتمىسى ياكى 25 ـ 30 ھەسسىلىك قارىغاي سېغىزى (松脂与剂) بىرىكمىسىنى، 6 ـ ئاينىڭ باشلىرى، 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى 40% ئوكسىدلانغان روگور ئىدولىيەسىنى 1500 (氧化乐果乳油) ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ ياكى 50% لىك گۈڭگۈرت فوسفور (硫磷乳剂) ئەمۇلىيەسىنى 2000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ پۈركۈش، قىش پەسلىدە يېرىلغان دەرەخ قوۋزىقىنى قىرىپ تازىلاپ، بىر يەرگە دۆۋىلەپ كۆيدۈرۈش؛ (3) قارا تىۋىتلىق ماي قوڭغۇز: ئادەتتە بىخ، يوپۇرماق، چېچەكلەرگە زىيان سېلىپ، مەھسۇلات كېمىيىش ياكى مەھسۇلات ئالالماسلىقتەك ئېغىر زىيانلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى، يېرىم كېچىدە بىرىكمە ئىستىر تۈردىكى دېھقانچىلىق دورىلىرىنى 300 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ پۈركۈش؛ (4) يوپۇرماق سەپكۈنى: 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى ۋە ئاخىرلىرى 3 ـ 5 بائومى گىرادوسلۇق ھاك ـ گۈڭگۈرت بىرىكمىسى پۈركۈش، 5 ـ 7 ئايلاردا چىلان دەرىخىگە باۋىستىن (多菌灵) نى 800 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ، 2 ـ 3 قېتىم ھەر 7 ـ 10 كۈندە بىر قېتىم چېچىش؛ (5) چىلان دەرىخى چىرىش كېسىلى: قىش پەسلى كىرىشكىلا، ھاك ـ گۈڭگۈرت ئارىلاشمىسى بىلەن دەرەخ غولىنىڭ ئاستى قىسمىنى ئاقارتىپ، دەرەخ غولىنىڭ كېسەل تەگكەن يەرلىرىنى قىرىپ، كېسەللىك داغلارنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئاسومات (福美砷) نى 50 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ، قىرغان يەرلەرگە سۈركەشكە دىققەت قىلىش كېرەك. (05)

# بۇغداينىڭ يىلتىزىغا زىيان سالىدىغان ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تەدبىرلىرى

پاتىگۈل ئوبۇل    تۇرسۇنگۈل باۋۇدۇن
(قەشقەر يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىدىن 844000)

بۇغداينىڭ يىلتىزىغا زىيان سالىدىغان ھاشاراتلاردىن يىڭنىسىمان قۇرت، ماي قوڭغۇزى لىچىنكىسى (يوغان باش قۇرت)، موزاي بېشى، قارا چېكەتكە قاتارلىقلار بىر قەدەر كۆپ ئۇچرايدۇ. ئادەتتە موزاي بېشى، يىڭنىسىمان قۇرت لىچىنكىسى بۇغداينىڭ يۇمران مايسىسىغا زىيان سالىدۇ. يىڭنىسىمان قۇرت لىچىنكىسى مايسىغا زىيان سالغاندا دائىم مايسىنىڭ تۇۋىدىن تېشىپ كىرىپ توقۇلمىنى يەپ مايسىنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، مايسىنىڭ زەخىملەنگەن ئورنى تولۇق ئۈزۈلمەي تەكشىسىز بولۇپ قالىدۇ. موزاي بېشى مايسىغا زىيان سالغاندا يىلتىز قىسمىنى يەپ يىپسىمان ھالەتكە كەلتۈرىدۇ، زىيانغا ئۇچرىغان مايسا سارغىيىپ قۇرۇيدۇ. موزاي بېشى يەنە يۇمران يىلتىزنى يەپ مايسا كەملىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. چوڭ باش قۇرت ئاساسلىقى بۇغداينىڭ يىلتىز غولىغا زىيان سالىدۇ، زەخىملەنگەن ئورۇن تەكشىسىز بولۇپ قالىدۇ، زەخىملەنگەن ئورۇننىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، زىيانداش ھاشاراتنىڭ تۈرىگە ھۆكۈم قىلىپ، ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشتا قاراتمىلىقى بولغان تەدبىرلەرنى قوللىنىش لازىم.

**ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى:** دېھقانچىلىقتىكى تېرىقچىلىق، پەرۋىش باشقۇرۇش تەدبىرلىرىدىن پايدىلىنىپ، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ زىيىنىنى كونترول قىلىشقا بولىدۇ. يەر ئاستى زىيانداش ھاشاراتلىرى بىر قەدەر ئېغىر پەيدا بولغان يەرلەردە يەرلەرنى 1 - 2 يىل نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش، سۇلۇق زىرائەتلەر بىلەن قۇرغاق زىرائەتلەرنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش، شۇنداقلا يەرنى مۇۋاپىق چوڭقۇرلۇقتا ئاغدۇرۇپ ئوت - چۆپلەرنى يوقىتىش، شارائىت يار بەرسە باستۇرۇپ سۇغىرىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك؛ (1) زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ يورۇقلۇققا ئىنتىلىش ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئالداپ يوقىتىش لازىم. ماي قوڭغۇزى، موزاي بېشىنىڭ زىيىنى ئېغىر جايلاردا بىر نەچچە نۇقتىغا خىرە نۇرلۇق چىراغ

# بادام دەرىخىدىكى ئاساسلىق كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تەدبىرى

ئايگۈل نىياز
(يەكەن ناھىيە تومئۆستەڭ يېزىلىق ئورمانچىلىق پونكىتىدىن 844700)

1. بادام دەرىخىدىكى ئاساسلىق كېسەللىك: چىرىش كېسىلى، ئاق توزان كېسىلى، يېلىم ئېقىش كېسىلى كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشتا، قىشلىق چاتاش ۋاقتىدا قۇرۇپ قالغان، كېسەل تەگكەن شاخلارنى كېسىۋېتىپ، سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ، بىر يەرگە يىغىپ كۆيدۈرۈۋېتىش، باغلارنى تازىلاپ دەرەخ تەخسىسىدىكى قۇرۇق شاخلارنى چۈشۈپ كەتكەن غازاڭلارنى باغنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ چارۋىغا بېرىش ياكى چوڭقۇر كۆمۈۋېتىش كېرەك. 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنىنىڭ ئالدى - كەينىدە بائومى 3 - 5 گىرادۇسلۇق ھاك - گۈڭگۈرت بىرىكمىسى چېچىش، 10 - ئاينىڭ باش ئوتتۇرىدا يەنى بائومى 3 - 5 گىرادۇسلۇق ھاك - گۈڭگۈرت بىرىكمىسى چېچىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دەرەخ غولىنىڭ چىرىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا: سۇيۇقلۇقنى دەرەخ غولىغا ھاك - گۈڭگۈرت بىرىكمىسى سۇرۇش ياكى بەش ھەسسىلىك سۇلبار (素利巴尔

---

ئورنىتىپ ئالداپ يوقاتقاندا ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ؛ (2) 40% لىك فوكسىم (辛硫磷) سۇتسىمان سۇيۇقلۇقنى 40% لىك مېتىل ئىزوفېنفوس ياكى 50% لىك مىتا مىدۇفوس سۇتسىمان سۇيۇقلۇقنى 1000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ، ھەر مو يەرگە 70 - 80 كىلوگىرامدىن چاچقاندىن كېيىن، قايتا ئاغدۇرۇپ تۈزلەش كېرەك؛ (3) دورىلاش: ئۇرۇق سېپىۋالغاندا دورىلاپ بىر تەرەپ قىلىنغان ئۇرۇقنى سېپىۋېلىش ياكى يۇقىرىقى دورىلارنى ئۇرۇق ئېغىرلىقىنىڭ 0.2% - 0.3% چىلىك ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردا سۇ قوشقاندىن كېيىن، ئۇرۇققا ئارىلاشتۇرۇش لازىم. (4) 40% لىك فوكسىم سۇتسىمان سۇيۇقلۇقنى 40% لىك مېتىل ئىزوفېنفوس سۇتسىمان سۇيۇقلۇقى ياكى 40% لىك ئوكسىدلانغان روگور (氧化乐果) سۇتسىمان سۇيۇقلۇقنى 1000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ، ھەر مو يەرگە 70 - 80 كىلوگىرامدىن چېچىش ئارقىلىق ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. (03)

نى سۇرسىمۇ بولىدۇ، ئاق توزان كېسىلى پەيدا بولغان بادام كۆچىتىگە 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىنىڭ ئالدى كەينىدە يوپۇرماق ئوغۇتى پۈركۈشكە بىرلەشتۈرۈپ، 1000 ھەسسىلىك سۇيۇق مېتىل توپسىن پۈركۈپ چېچىش كېرەك.

**2. بادام دەرىخىدىكى ئاساسلىق زىيانداش ھاشاراتلار:** چوڭ قاسراقلىق قۇرت، باھار ماگدامچى قۇرتى، چوڭ سەركىدان، نەشپۈت قاسراقلىق قۇرتى، قىزىل ئۆمۈچۈك قاتارلىقلار بادامغا كۆپرەك زىيان سالىدۇ. ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشتا 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بائومى 3 ـ 5 گىرادۇسلۇق ھاك ـ گۈڭگۈرت بىرىكمىسىنى چېچىپ، كۆزلۈك زىيانداش ھاشاراتلارنى ۋە قىشلايدىغان قاسراقلىق قۇرتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئەتراپىدا ماگدامچى قۇرتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۈچۈن، 1000 ھەسسىلىك ئاستا ئۈنۈم بېرىدىغان ئازودىرىن (久效磷) نىڭ 1000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى ۋە يۇقىرى ئۈنۈملۈك سىرمىترىن (氯氰菊酸) نى چېچىش لازىم. 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە 1 ـ ئەۋلاد چوڭ مېغىز قۇرتى، قاسراقلىق قۇرت ۋە قىزىل ئۆمۈچۈكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۈچۈن، 1000 ھەسسىلىك سۇپرات سىتقا 2000 ھەسسىلىك نىسورىننى ياكى 2000 ھەسسىلىك دامەنلىك (哒螨灵) نى قوشۇپ چېچىش كېرەك.

**3. دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:** ① چوقۇم ئالدى بىلەن دورا قويۇپ ئاندىن سۇ قوشۇش، پۈركۈپ چاچىدىغان دورىغا ئارىلاشتۇرىدىغان سۇنىڭ تەركىبىدە تۇز بولۇشى، شورى ئاز بولغان سۈزۈك ئۆستەڭ سۈيى، ئېرىق سۈيى بولۇش كېرەك. دورا چېچىشتا دەرەخ تاجىسىنى سىرتقىنىڭ دائىرىسىدىكى چوڭ ـ كىچىك شاخلىرى دەرەخ غولىغا تولۇق نەملەشكەنگە قەدەر پۈركۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىش، دورا چاچقاندا ئىمكانقەدەر ماسكا تاقاش، زەھەرلىنىپ قېلىش ھادىسىلىرىنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. 7 ـ ئاينىڭ بېشىدا تېمپېراتۇرا ئۆرلەپ، قىزىل ئۆمۈچۈك ئېغىر يۈز بېرىدىغان بولغاچقا، تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك؛ ② 2000 ھەسسىلىك مېساۋلىي چېچىش، 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن بۇرۇن ئوت ـ چۆپلەرنى دەرەخنىڭ خانقىزىغا قويۇپ، قىزىل ئۆمۈچۈكلەرنى قىشتىن ئۆتۈۋېلىشقا جەلپ قىلىپ، شاخلارنى كۆيدۈرۈۋېتىش لازىم. (03)

# تەرخەمەك تۆپى ئۈچىنى چېچەك قاپلىۋېلىش ۋە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى

خالىدەم تۇرسۇن
(ئاقتۇ ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 843400)

تەرخەمەك تۆپى ئۈچىنى چېچەك قاپلىۋېلىش قىش ۋە ئەتىيازدا پارنىكتا ئۆستۈرۈلىدىغان تەرخەمەكتە دائىم كۆرۈلىدىغان فىزىيولوگىيەلىك كېسەللىك بولۇپ، ئەگەر ۋاقتىدا ئالدىنى ئېلىش تەدبىرى قوللانمىغاندا، تەرخەمەك مېۋە سۈپىتى ۋە مەھسۇلاتىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ.

**كېسەللىك ئالامىتى:** ئادەتتە تەرخەمەكنىڭ مايسا مەزگىلى ۋە مايسا بەلگىلەش مەزگىلىدە يۈز بېرىدۇ. ئۆسۈش نۇقتىسىنى ئۈششاق تەرخەمەك قاپلىۋېلىپ، يوپۇرماقلىرى كېڭىيەلمەيدۇ، تۆپىنىڭ ئۆسۈشى ئاستىلايدۇ. ئۆسۈش نۇقتىسىغا يېقىن بوغۇملار قىسقىراپ، ئاتىلىق ۋە ئانىلىق چېچەكلىرى ئېچىلغاندىن كېيىن مېۋىسى چوڭىيالمايدۇ، غولى ئۆسۈشتىن توختايدۇ.

**پەيدا بولۇش سەۋەبى:** (1) پارنىكنىڭ كېچىلىك تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن بولۇش: پارنىكنىڭ كېچىلىك تېمپېراتۇرىسى 12℃ تىن ئاشمىسا، تەرخەمەكتە كۇندۇزلۇك يىغىندا ماددىنىڭ يۆتكىلىشى تەسىرلىشىپ، ئوزۇقلۇق يوپۇرماققا يىغىلىۋالىدۇ، نەتىجىدە يوپۇرماق كىچىكلەپ، تەرخەمەك تۆپىدە ئۈچىنى چېچەك قاپلىۋېلىش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ؛ (2) تۇپراق نەملىكى مۇۋاپىق بولماسلىق: مايسا مەزگىلىدە تۇپراق نەم، تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن بولسا، مايسا كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن مايسا ئولتۇرغۇزۇش سۈيى يېتەرلىك بولمىسا تەرخەمەك تۆپىدە ئۈچىنى چېچەك قاپلىۋېلىش ھادىسى يۈز بېرىدۇ؛ (3) يىلتىز زەخىملىنىش: تۇپراق تېمپېراتۇرىسى 10℃ تىن تۆۋەن، نەملىك 75% تىن يۇقىرى بولغاندا يىلتىزنىڭ تۈنجۇقۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مايسا ئايرىغاندا يىلتىز ئاسان زەخىملىنىپ، ئەسلىگە كېلىشى تەسىرلىشىپ، ئۈچىنى چېچەك قاپلىۋالىدۇ.

**ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى:** (1) مايسىنى ئوزۇقلۇق قاچىسىدا تېز ئۆستۈرۈپ، مايسىزارلىق تېمپېراتۇرىسىنى 14℃ ـ 30℃ تا ساقلاپ، مايسا نەملىكى ۋە تېمپېراتۇرىسىنى مۇۋاپىق كونترول قىلىش لازىم؛

## بۇغداينىڭ كۆكىرىش مەزگىلىدە كېسەللىك ۋە زىيانداشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى

ئابلەت ئابلىز
(ئونسۇ ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك رادىيو ـ تېلېۋىزىيە مەكتىپىدىن 843000)

بۇغداي كۆكىرىش مەزگىلىدە ئاساسلىقى يوللۇق قورۇش كېسىلى، ئاق توزاڭ كېسىلى، قىزىل ئۆمۈچۈك شىرىخور قۇرت، بۇغداي كۆكپىتى قاتارلىق كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلار پەيدا بولۇپ زىيان سالىدۇ.

**1. يوللۇق قورۇش كېسىلى:** ھەر مو يەرگە 25% لىك دىلىتو (敌力脱) سۇتسىمان دورىسىدىن 20~30 مىللىلىتىر، 12.5% لىك خېگولى (禾果力) نەملىنىشچان پاراشوك دورىسىدىن 20~30 گىرام ياكى 15% لىك تىرىئادىمېفون (三唑铜) نەملىنىشچان پاراشوك دورىسىدىن 80 گىرام قاتارلىقلارنى 50 لىتىر سۇ بىلەن تەڭشەپ، بۇغداينىڭ غول ئاساسى قىسمىغا پۈركۈش، كېسەللىك ئەھۋالىغا قاراپ ھەر 7~10 كۈندە قايتا پۈركۈش لازىم.

**2. ئاق توزان كېسىلى:** بۇغداي پوقاق بولۇپ باشاق چىقىرىش مەزگىلىدە، كېسەللەنگەن تۈپ نىسبىتى 15%~30% ياكى كېسەل تەگكەن يو-

(2) ۋاقتىدا كۆچۈرۈپ تىكىپ، مايسىلارنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك؛ (3) پەرۋىشنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئىشلەپ، يىلتىزنىڭ زەخىملىنىشىنى ئازايتىش لازىم؛ (4) كېسەللەنگەن تۈپكە نىسبەتەن پارنىك تېمپېراتۇرىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەن تۈپ ئۈچىدىكى ئۇششاق تەرخەمەكلەرنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىۋېتىش، شۇنداقلا ئۆسۈش نۇقتىسىدىن ئىككى سانتىمېتىر ئارىلىقتىكى چېچەك، مېۋىلەرنى ئۆسۈش نۇقتىسىنى زەخىملەندۈرمىگەن ئاساستا ئېلىۋېتىش، ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى مۇۋاپىق مىقداردا سۇغىرىپ، تۇپراق تېمپېراتۇرىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەن بىرگە، ئەيدوشو (爱多收) نىڭ 3000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسى ياكى پۈركۈش گۆھىرى (喷施宝) نىڭ 1200 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى ھەر 5 ـ 7 كۈندە بىر قېتىم پۈركۈپ، تەرخەمەك تۈپلىرىنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. (02)

پۇرماق نىسبىتى 8%~15% گە يەتكەندە، 20% لىك تىرىئادىمېفون سۇت-سىمان دورىسىدىن 40 مىللىلىتىر ياكى 15% لىك تىرىئادىمېفون (粉锈宁) نەملىنىشچان پاراشوك دورىسىدىن 50 گىرامنى 40 لىتىر سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ بۇغدايغا تەكشى پۈركۈش كېرەك.

**3. قىزىل ئۆمۈچۈك:** ھەر قۇر بۇغداينىڭ 33 سانتىمېتىر دائىرىسىدىكى ھاشارات سانى 200 دانىگە يەتكەندە، دورا چېچىپ ئالدىنى ئېلىپ يوقاتسا بولىدۇ. بۇنىڭدا 1.8% لىك چوڭمەنچوك (虫螨虫) سۇتسىمان دورىسىنىڭ 5000~6000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسى، 15% لىك پىرىدابېت (哒螨灵) سۇتسىمان دورىسىنىڭ 2000~3000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسى، 20% لىك لۈباۋسۇ (绿保素) سۇتسىمان دورىسىنىڭ 3000~4000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسى قاتارلىق دورىلارنى تاللاپ ئىشلەتسە بولىدۇ.

**4. شىرىنخور قۇرت:** 50% لىك فوكسىم (辛硫磷) سۇتسىمان دورىسىدىن 200 مىللىلىتىرغا بەش كىلوگىرام سۇ قوشۇپ، ئۇنى 20 كىلوگىرام يۇمشاق توپىغا پۈركۈپ، تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ زەھەرلىك توپا ياسىلىدۇ، بۇغداي بوغۇم تارتىش مەزگىلىدە شىرىنخور قۇرت قورچاق مەزگىلىگە كىرىدۇ. مۇشۇ چاغدا زەھەرلىك توپىنى ھەر مو بۇغدايلىققا تەكشى چاچقاندا، بىر قىسىم قورچاق بىلەن يەر يۈزىگە چىققان لىچىنكىلارنى يوقاتقىلى بولىدۇ. باشاق تارتىش مەزگىلىدە ھەر مو يەرگە 10% لىك ئىمداكلورد (吡虫啉) دىن 20~30 گىرامنى 20 كىلوگىرام سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ بۇغدايغا پۈركۈگەندە، يېتىلگەن ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىپ يوقاتقىلى بولىدۇ.

**5. كۆكپىت:** ھەر 100 تۈپ بۇغدايدىكى كۆكپىتنىڭ سانى 500 دانىدىن ئاشقاندا، 50% لىك پىرابىد (抗蚜威) نەملىنىشچان پاراشوك دورىسىدىن ھەر مو يەرگە 10~15 گىرام، 10% لىك ئىمداكلورد نەملىنىشچان پاراشوك دورىسىدىن 15~20 گىرام ياكى 3% لىك دىڭچوڭمى (啶虫米) سۇتسىمان دورىسىدىن ھەر مو يەرگە 20~30 مىللىلىتىرنى 20 لىتىر سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ بۇغدايغا تەكشى پۈركۈگەندە، بۇغداي كۆكپىتنىڭ ئالدىنى ئېلىپ يوقاتقىلى بولىدۇ. (03)

# سوغىيازنىڭ ۋىرۇس كېسەللىكى ۋە ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تەدبىرلىرى

رەشىدە ئابدۇراخمان
(غۇلجا شەھەرلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن 835000)

رايونىمىزدا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان غولپىياز ۋىرۇس كېسەلىنىڭ كۆرۈلۈش نىسبىتى كۆنسايىن ئېشىپ، مەھسۇلاتقا زور تەسىر كۆرسە-تىۋاتىدۇ.

**كېسەللىك ئالامىتى:** يۇمران يوپۇرماقنىڭ ئاساسىي قىسمىدا سۇس ساغۇچ يېشىل رەڭلىك ئورچۇقسىمان ئالا يوپۇرماق كۆرۈلىدۇ ياكى سېرىق رەڭلىك ئوچۇق يوللۇق داغلار كۆرۈلىدۇ، كېيىنچە پۈتكۈل يوپۇرماقتا ئالا داغلار ياكى يوللۇق داغلار كۆرۈلۈپ، يوپۇرماق تەكشى، دولقۇنسىمان ھالەت-تە تۆۋەنگە ساڭگىلايدۇ. كېسەللەنگەن تۈپ سۇس ساغۇچ يېشىل رەڭلىك غەيرىي شەكىلدە پاكارلىشىدۇ. تاشقى يوپۇرماقنىڭ ئۇچى قۇرۇپ كېتىدۇ. كېسەل تۈپ تېز قۇرۇيدۇ. ئۇرۇقلۇق تۈپ كېسەللەنسە گۈل ساپىقىنىڭ ئۆسۈشى ياخشى بولماي، ئۇرۇق تۈتۈشقا تەسىر يېتىپ، يوپۇرماق ئىنچىكىلەيدۇ.

**ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى:** (1) تېرىلغۇ يەرنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، غولپىياز ئېتىزىنى ئىمكانقەدەر پىياز تېرىلغان ۋە ئۇ-رۇقلۇق قىلغان ئېتىزدىن يىراق ئورۇنلاشتۇرۇپ، يۇقۇملىنىش پۇرسىتى-نى ئازايتىش كېرەك؛ (2) ساغلام مايسىلارنى كۆچۈرۈپ تىكىش، كېسەل ھەم ئاجىز مايسىلارنى شاللىۋېتىش، ئېتىزلىقتا كېسەل تەگكەن مايسىلار كۆرۈلگەن ھامان يۇلۇۋېتىش لازىم؛ (3) سېرىق تاختاي ئارقىلىق كۆكپىت-نى جەلپ قىلىپ يوقىتىپ، كۆكپىتنىڭ ۋىرۇس يۇقتۇرۇشىنى تىزگىن-لەش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 40% لىك روگور (乐果) سۇتسىمان دو-رىسى (乐果乳剂) نىڭ 1500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى چېچىپ، كۆك پىتنى يوقىتىش لازىم. (02)

# بەرەڭگىنى ساقلاش جەريانىدا پەيدا بولىدىغان كېسەللىكلەر ۋە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى

مەنزىرە مەمتىمىن
(غۇلجا شەھىرى تاشكۆۋرۈك يېزا دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 835000)

بەرەڭگىنى ئورىدا ساقلاش جەريانىدا بەزى كېسەللىكلەر كۆرۈلىدۇ، كېسەللىك سەۋەبچىسى ئوخشاش بولمىغاچقا كېسەللىك ئالامەتلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن: قۇرغاق چىرىش كېسەللىكى كۆرۈلگەندە بەرەڭگە تۈگۈنەك غولى زىيانغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، كېسەللەنگەن قىسمى يۇمشاپ، تەدرىجىي ئولتۇرۇشۇپ، قورۇلۇپ قۇرۇپ كېتىدۇ. قارامتۇل پاختىلىنىش كېسەللىكى كۆرۈلگەندە كېسەل تەگكەن بەرەڭگە تۈگۈنەك غولىنىڭ ئۈستىدە تۇتۇق كۈل رەڭ قالايمىقان كېسەللىك دېغى ۋە بىر قەۋەت كۈل رەڭ قارامتۇل پاختىلاشقان قەۋەت پەيدا بولىدۇ. ئاستى قىسمىدىكى توقۇلمىلار قاتتىقلىشىپ، قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. ھۆل چىرىش كېسىلى كۆرۈلگەندە كېسەل تەگكەن تۈگۈنەك غولىنىڭ قىرغىقىدىن ئىچىگە قاراپ تېز چىرىپ، قوڭۇر رەڭگە ياكى قارامتۇل رەڭگە ئۆزگىرىدۇ، سېسىق پۇرايدۇ، يۇمشاپ چىرىيدۇ.

**كېسەللىك پەيدا بولۇش قانۇنىيىتى:** بەرەڭگىنى ساقلاش جەريانىدا پەيدا بولغان كېسەللىكلەرنىڭ كېسەللىك مىكروبى بەزىدە بەرەڭگە ئورىسىنىڭ ئىچىدىكى كېسەللىك قالدۇقى ۋە تۇپراقتا يوشۇرۇنىۋالىدۇ. بەزىدە بەرەڭگە بىلەن سىرتتىن ئورا ئىچىگە كىرىپ، ھەر خىل زەخمە ئېغىزى ئارقىلىق باشقا تۈگۈنەك غولغا يۇقىدۇ. مۇھىت شارائىت توغرا كەلسە كېڭىيىپ، ئورىدا سېسىپ كېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇللىرى:** (1) ئەتىياز پەسلى بەرەڭگە ئورىسىنى پاكىز تازىلاپ، ئورا ئىچىدىكى كېسەللىك قالدۇقلىرى، ئەخلەت، توپا قاتارلىقلارنى ئۆزۈل ـ كېسىل ئېلىۋېتىش ۋە شامالدىتىپ ئورا ئىچىنى قۇرۇتۇش لازىم؛ (2) كۈز پەسلىدە بەرەڭگىنى ئورىغا سېلىشتىن 1 ـ 2 ھەپتە ئىلگىرىكى ئورنى يەنە بىر قېتىم پاكىز تازىلاپ، ئاندىن 50

# پارنىكتا ئۆششۈك تەگكەن تەرخەمەكنى قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرى

رامىلە سىدىق    ھاجىگۈل تۇرسۇن
(تېكەس ناھىيە تېكەس بازارلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 835400)

**1. سۇغىرىش:** سۇغارغاندا تۇپراقنىڭ ئىسسىقلىق سىغىمى ئېشىپ، يەر تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلەشنىڭ ئالدى ئېلىنىپ، يەر يۈزىگە يېقىن ھاۋا تېمپېراتۇرىسى تۇراقلىشىپ، پارنىك تېمپېراتۇرىسى تەكشى ئۆرلەپ، ئۆششۈك تەگكەن توقۇلمىلارنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە پايدىلىق شارائىت ياراتقىلى بولىدۇ.

**2. شامالدىتىش:** تەرخەمەككە ئۆششۈك تەگسە پارنىكنى دەرھال چۈمەكۈۋەتمەي، شامالدىتىپ تېمپېراتۇرىنى ئاستا - ئاستا ئۆرلىتىش كېرەك. تېمپېراتۇرا تېز ئۆرلەپ، ئۆششۈك تەگكەن توقۇلمىلارنىڭ نىكروزلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەم زىياننى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈش كېرەك.

**3. سۇ پۈركۈش:** سۇ پۈركۈش ئارقىلىق پارنىك ھاۋا نەملىكىنى ئۆرلىتىپ، پارنىك تېمپېراتۇرىسىنى مۇقىملاشتۇرغىلى ھەمدە ئۆششۈك تەگكەن توقۇلمىلاردىن چىققان سۇنىڭ پارلىنىشىنى چەكلەپ، توقۇلمىلارنىڭ سۇ سۈمۈرۈشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

---

ھەسسىلىك فورمالىن (福尔马林) سۇيۇقلۇقىنى چېچىپ، 1 - 2 كۈن دۇملىگەندىن كېيىن ئورىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، بىر نەچچە كۈن شامالدىتىپ ئاندىن بەرەڭگىنى ئورىغا سالسا بولىدۇ؛ (3) بەرەڭگىنى ئورىغا سالىدىغان چاغدا ئەستايىدىل تاللاپ، كېسەل تەگكەن، ئۆششۈپ كەتكەن، زىدە بولغان بەرەڭگىنى شاللاپ چىقىرىۋېتىپ، ئورىغا سالغاندا ئاستا ئاۋايلاپ قويۇش لازىم. بەرەڭگىنى ئورىغا سېلىپ بولغاندىن كېيىن دەسلەپكى مەزگىلدە، ئورىنىڭ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى بولۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئاخىرقى مەزگىلدە، ئورىنىڭ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئادەتتە ئورىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى 2℃ - 4℃ تا كونتىرول قىلىش كېرەك. (02)

# ئۈرۈكنىڭ يىلىم ئېقىش كېسەللىكى ۋە ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى

پاشاگۈل ئەمەت
(يەكەن ناھىيە گۈلباغ يېزىلىق ئورمانچىلىق پونكىتىدىن 844700)

**1. كېسەللىك ئالامىتى ۋە پەيدا بولۇش ئالاھىدىلىكى:** ئاساسلىقى يان شاخ ۋە مېۋە ئۈستىدە پەيدا بولىدۇ، پەيدا بولۇشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە كېسەل تەگكەن ئورۇن ئىششىپ يوغىنايدۇ، ئاندىن ساغۇچ قوڭۇر رەڭلىك دەرەخ يىلىمى ئاقىدۇ، يىلىم ئېغىرراق ئاققان شاخلاردا دەرەخ پوستى يېرىلىش، يوپۇرماق سارغىيىش، كىچىك شاخلىرى قۇرۇش، دەرەخ تېنى ئاجىزلاش، ھەتتا چوڭ شاخلىرى ياكى پۈتۈن تۈپ بويىچە قۇرۇپ كېتىش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. مېۋىسى زىيانغا ئۇچرىغاندا مېۋە ئۈرۈقىدىن ئېقىپ چىققان يىلىم مېۋە ئىچىگە سىڭىپ كىرىپ مېۋە قېتىشىپ كېتىدىغان، يېرىلىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ.

---

**4. پۇتاش:** ئۆششۈك تەگكەن يىلەك، يوپۇرماقلارنى ۋاقتىدا پۇتىۋېتىپ، كۆكىرىپ كېسەل پەيدا قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

**5. سايە چۈشۈرۈش:** پارنىكقا سايە چۈشۈرۈپ، كۈن نۇرىنىڭ ئۇدۇل چۈشۈپ ئۆششۈك تەگكەن توقۇلمىلارنى سۇسىزلاندۇرۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

**6. ئوغۇتلاش:** ئۆششۈك تەگكەن مايسا ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، تېز ئۈنۈملۈك ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش كېرەك. بۇنىڭدا 2% لىك ئورېيا ئېرىتمىسى ياكى 0.2% لىك كالىي ھىدروفوسفات ئېرىتمىسىنى يوپۇرماقتىن پۈركۈسە بولىدۇ.

**7. كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش:** تەرخەمەككە ئۆششۈك تەگكەندە كېسەللىك، زىيانداش ھاشارات ئاسان پەيدا بولىدۇ. شۇڭا ۋاقتىدا ئالدىنى ئالىدىغان دورىلارنى پۈركۈپ، كېسەللىك زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. (02)

**2. پەيدا بولۇش سەۋەبى:** ئۆرۈكنىڭ يېلىم ئېقىش كېسىلىنىڭ سەۋەبلىرى بىرقەدەر كۆپ ئاساسلىق تۆۋەندىكى ئىككى جەھەتتە: (1) شاخلاردىكى كېسەللىك، ھاشارات زىيىنى، ئۇششۇك زىيىنى، ئاپتاپ چېقىۋېتىش ۋە باشقا مېخانىكىلىق زەخىملىنىش سەۋەبىدىن يارا ئېغىزىدىن يېلىم ئاقىدۇ؛ (2) سۇ ئوغۇت شارائىتى ناچار، دەرەخنىڭ ئۆسۈشچانلىقى ئاجىز ياكى ئېغىر چاتالغان، ئوغۇت بېرىش ۋە دورا چېچىش مۇۋاپىق بولماسلىق، كۆپ سۇغىرىش ياكى يېتەرلىك سۇغارماسلىق قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن دەرەخ تېنىنىڭ فىزىيولوگىيەلىك ماددا ئالمىشىش تەڭپۇڭسىزلىنىپ، يېلىم ئېقىش يۈز بېرىدۇ. ئادەتتە 4 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا كېسەللىك مىكروبى يۇقۇپ يېلىم ئاقىدۇ. 6 ـ ئايدا كېسەللىكنىڭ يۈز بېرىشى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقىدۇ.

**3. ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** (1) ئۆرۈكلۈك باغلارنى ئۇنىۋېرسال باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، دەرەخنى كۈچلەندۈرۈپ، دەرەخ تېنىنىڭ كېسەلگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتىرىش، شاخلارنىڭ يارا ئېغىزىنى ئازايتىش كېرەك؛ (2) دەرەخ غولىنى ئاقارتىپ، كېسەل، ھاشارات، ئۇششۇك ۋە ئاپتاپ چېقىۋېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. 10 كىلوگىرام خام ھاك، ئىككى كىلوگىرام گۈڭگۈرت، 40 كىلوگىرام سۇ، ئاز مىقداردا سېغىز ئارىلاشتۇرۇپ ئاقارتىش سۇيۇقلۇقى تەييارلىنىدۇ. ئادەتتە 12 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا غول ۋە ئاساسىي شاخلار ئاقارتىلىدۇ؛ (3) قىش پەسلىدە ئۆرۈكلۈك باغلارغا 5% لىك ھاك گۈڭگۈرت بىرىكمىسىنى شاخلىرى ھۆل بولغۇچە چېچىش، كېسەل پەيدا بولغان ئورۇننى قىرىپ ئېلىۋېتىش، يارا ئېغىزىغا 40% لىك فۇمېيشىن دورىسىنى 50 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ پۈركۈش لازىم. (03)

# پارنىكتىكى كۆكتاتلاردا كۆپ ئۇچرايدىغان پاختىلىشىش كېسىلى ۋە ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

ئايگۈل ياسىن خانقىز ھېمىت
(يېڭىشەھەر ناھىيە يېڭىشەھەر بازارلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 844200)

پارنىكتا كۆدە تېرىغاندا ھاۋا تۇتۇق، كۈن نۇرى ئاجىز بولغان شارائىتتا پارنىك تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن، نەملىك يۇقىرى بولۇپ، پارنىكنىڭ نەملىكى ئېشىپ، ئاسانلا كۆكتاتلارنىڭ پاختىلىشىش كېسىلى پەيدا بولىدۇ. كېسەللىك پەيدا بولغاندىن كېيىن، كۆدە يوپۇرمىقىنىڭ ئۈچى تەرىپىدىن ئاستىغا قاراپ سۇس كۆك رەڭ ياكى ئاق داغلىق چېكىتلەر پەيدا بولىدۇ. بۇنداق داغ چېكىت يوپۇرماقنىڭ ئىككى تەرىپىدە پەيدا بولۇپ ھەم كېڭىيىپ، ئېلىپس ياكى مۇكا شەكىللىك كېسەللىك دېغى پەيدا قىلىدۇ ھەم بىرلىشىپ ئاخىرىدا چوڭ يوپۇرماقنى قۇرۇتۇپ، كۆدىنىڭ تاۋارلىق سۈپىتىگە تەسىر يېتىدۇ.

**ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش:** (1) كېسەللىككە تاقابىل تۇرالايدىغان سورتلارنى تاللاپ تېرىش كېرەك. كېسەللىككە قارشى تۇرالايدىغان كەڭ يوپۇرماقلىق كۆدە سورتى «قار كۆدىسى 791»، «جياشىڭ ئاق يىلتىزلىق كۆدىسى» ياكى تار يوپۇرماقلىق، سوغۇققا چىدامىلىق، كېسەلگە چىدامىلىق سورتلارنى تاللاپ تېرىش كېرەك؛ (2) پەرۋىشنى كۈچەيتىش كېرەك. ئاز - ئازدىن كۆپ قېتىم سۇغارغاندا، تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆرلىشىگە پايدىسى بولىدۇ. كۆدىنى ئۆرۈش پەيتىنى ياخشى ئىگىلەش، نەملىكى تۆۋەن، شەبنەم چۈشمىگەن شارائىتتا ئۆرۈش، ئۆرۈپ بولغاندىن كېيىن يىلتىزنى سالغىنلىتىپ ئاندىن تۇپا يۆلەش، كېسەل تەگكەن، يىلتىز ياكى يوپۇرماقلارنى ۋاقتىدا تازىلاپ ئوغۇتلاش كېرەك. پارنىكنىڭ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرىلاپ كەتكەن ۋاقىتتا ھاۋا ئالماشتۇرۇپ، تېمپېراتۇرىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش كېرەك؛ (3) خىمىيەلىك ئۇسۇلدا كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش كېرەك. ھەر مو يەرنى 250 گىرام 10% لىك سۇمىلىكىس (速克灵烟剂) بىلەن ئىسلاش، 50% لىك نەملىنىشچان سۇمىلىكىس پاراشوكىغا 1000 - 1500 ھەسسە سۇ ئارىلاشتۇرۇپ، ھەر يەتتە كۈندە بىر قېتىمدىن تاكى كېسەللىك تىزگىنلەنگەنگە قەدەر پۈركۈش كېرەك. 65% لىك رىدومىل (甲霜灵) نىڭ 600 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى يەتتە كۈندە بىر قېتىمدىن، ئۇدا 2 - 3 قېتىم پۈركۈسە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. (03)

# سۇ ئۆلچەش كەسمە يۈزىنى تاللاشتا دىققەت قىلىدىغان مۇھىم نۇقتىلار

مۇيەسسەرجان قۇربانىياز
(تارىم دەريا ۋادىسى خوتەن باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن 848000)

1. سۇ ئۆلچەش كەسمە يۈزىنى ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنىڭ تۈز، سۇ ئېقىنى تەكشى، قاينام ياكى تەتۈر ئېقىم شەكىللەنمەيدىغان، قۇم لاتقا تىنىپ قالمايدىغان، سۇ چايقاپ كولىنىپ، كەسمە يۈز شەكلى بۇزۇلمىغان، ئۆستەڭ تاپىنى تەكشى بۆلەكلىرىدىن تاللاش لازىم.

2. سۇ ئۆلچەش توغرا كەسمە يۈزىنى ھەر دائىم ئېقىم يۆنىلىشىگە تىك قىلىپ تاللاپ، سۇ ئۆلچەش ئەسۋابلىرى ئارقىلىق سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى، سۇ ئېقىمىنىڭ تېزلىكىنى ئۆلچەشكە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدىغان قىلىپ تاللاش لازىم.

3. كەسمە يۈز دائىرىسىدىكى ئېقىن ھالىتىنىڭ تەكشىلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، لەيلىگۈچ بىلەن سۇ ئۆلچەشكىمۇ قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، سۇ ئۆلچەش كەسمە يۈزىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن تەرەپلىرىدە 15 ـ 25 مېتىردىن يۇقىرى ـ تۆۋەن سۇ ئۆلچەش كېسىندىسى بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

4. سۇ ئۆلچەش كەسمە يۈزىنىڭ ئۈستىگە ئۆلچەش كۆۋرۈكى، ئۆلچەش غالتىكى قاتارلىق ئۈسكۈنىلەرنى جايلاشتۇرۇشقا قولايلىق بولۇش كېرەك.

5. سۇ ئۆلچەش كەسمە يۈزى، سۇ چوڭقۇرلۇقى ۋە سۇ ئورنىنى كۆزىتىدىغان ئۈسكۈنە ۋە قۇدۇقلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا مۇۋاپىق بولۇشى لازىم.

6. سۇ ئۆلچەش كەسمە يۈزى ئۆستەڭدە ئۆلچىنىدىغان سۇنىڭ مىقدارى ئاز بولغاندا، سۇ ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنى بەلگىلىمە بويىچە چۆكتۈرۈپ سىنىشقا قولايلىق بولۇشى لازىم.

7. سۇ چوڭقۇرلۇقى چوڭ بولغان ئۆستەڭلەردە كۆپ نۇقتا ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ سۇ ئۆلچەشكە مۇۋاپىق كېلىشى كېرەك.

8. سۇ ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنى يۆتكەش ۋە قۇراشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە قولايلىق بولۇشى لازىم.

# بۇغدايىنى ئەتىيازدا سۇغىرىش، ئوغۇتلاشتىكى مۇھىم ھالقىلار

مەمتىلى ئابابەكرى مەھمۇد غېنى
(قىزىلسۇ ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق ئىدارىسىدىن 845350)

بۇغدايىنى ئەتىياز پەسلىدە سۇغىرىش، ئوغۇتلاش ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، مەھسۇلات مىقدارى ۋە سۈپىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭلاشقا ۋاقتىدا سۇغىرىش، ئوغۇتلىغاندا دەسلەپتە كۆپ، كېيىن ئازراق ئوغۇتلاش پرىنسىپىنى ئاساس قىلىش كېرەك.

**1. سۇغىرىش:** سۇ تېجەش نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇغدايىنى ئەتىياز مەزگىلىدە ئىككى قېتىم سۇغارسا بولىدۇ. تۇڭ سۇيى (كۈندىلىك ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 3 ـ 5 سېلسىيە گرادۇس، تۇپراق نەملىكى 15% تىن تۆۋەنلىگەن مەزگىلدە قويۇلىدۇ) قويۇلغان، ئۆسۈشى نورمال بولغان بۇغداي ئېتىزىدا، ئەگەر تۇپراقنىڭ نەملىكى يېتەرلىك بولغاندا بىرىنچى سۇيىنى بەرمىسىمۇ بولىدۇ. بۇغدايغا ئادەتتە بىرىنچى سۇيىنى كۆكلەشتىن باشلاپ بوغۇم تارتىشقىچە بولغان (3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن

---

9. سۇ ئورنىنى كۆزىتىپ، ئۆلچەش ۋە سۇ ئەھۋالىدىن ئۇچۇر يوللاشقا قولايلىق بولۇشى كېرەك.

10. ئاپتوماتىك ۋە يېرىم ئاپتوماتىك سۇ ئۆلچەش قۇرۇلمىلىرى ۋە سۇ ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنى جايلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە قولايلىق بولۇشى كېرەك.

11. قىش پەسلىدە ئىشلىتىش ۋە رېمونت قىلىپ ئاسراشقا قولايلىق بولۇشى كېرەك.

12. قىش پەسلىدە ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنىڭ مۇز تاشقىنى ئاپتى يۈز بەرمەيدىغان جايلىرىدىن تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

13. كەلكۈن مەزگىلى ياكى ئۆستەڭلەرگە كۆپ سۇ باشلىغاندا، سۇ بىر تەرەپتىكى قىرغاقنى چېقىپ، يەنە بىر تەرەپكە لاي ـ لاتقا تىندۇرۇپ، ئېقىم ھالىتىنى قالايمىقان قىلىۋېتىدىغان ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. (05)

4 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە) مەزگىلىدە، ئىككىنچى سۇيىنى باشاق تارتىش-تىن چېچەكلەش مەزگىلىدە قويۇش كېرەك. ئەمەلىي سۇغىرىش ۋاقتى بىلەن سۇغىرىش مىقدارى بۇغداي مايسىسىنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالى، تۇپراق نەملىكى ۋە تۇپراق ئۇنۇمدارلىقىغا ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئەگەر سۇ-غىرىش شارائىتى ياخشى، ھاۋا كىلىماتى قۇرغاق بولسا ئۈچىنچى سۇيى قۇ-يۇلسا بولىدۇ.

**2. ئوغۇتلاش:** (1) ئوغۇتلاش: تۆۋەن ھوسۇللۇق بۇغداي ئېتىزلىرىنى ئورىيا (尿素) ياكى ئاممونىي كاربونات (碳酸铵) قاتارلىق ئازوتلۇق ئو-غۇتلار بىلەن ئوغۇتلىسا بولىدۇ. ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى ھوسۇللۇق بۇغداي ئې-تىزلىرىغا تۇپراق تەركىبىنى ئېنىقلاپ رېتسىپلىق ئوغۇتلاشنى ئاساس قىلسا ئۇنۇمى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. يەنە مەخسۇس تەييارلانغان ئازوت، كا-لىيلىق ئارىلاشما ئوغۇتنى بېرىلسە، بۇغداينىڭ ئوزۇقلۇققا بولغان ئېھتى-ياجىنى تولۇق قاندۇرۇپ، مەھسۇلاتىغا ۋە سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. تەجرىبە، شۇنى ئىسپاتلىدىكى كۆپ قىسىم تۇپراق تەركىبىدە كا-لىينىڭ مىقدارى تۆۋەن بولغانلىقتىن، نوقۇل ھالدا ئورىيا، ئاممونىي كار-بونات قاتارلىق ئازوتلۇق ئوغۇت بېرىلگەندە يىلتىز سىستېمىسى تەرەققىي قىلالماي ئوڭايلا يېتىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەگەر تەكشۈرۈلگەن رېتسىپلىق ئوغۇتنى ئىشلەتكەندە، يىلتىز سىستېمىسىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېتىپ كېتىش، قۇرغاقچىلىققا، سوغۇققا ۋە كېسەللىكگە چىداملىقىنى ئاشۇرۇپ، مەھسۇلاتىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئوخشاش قىم-مەتتىكى ئوغۇت مىقدارى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، رېتسىپلىق ئوغۇتنى ئىشلەتكەندە، ھەر مو يەردىن 50 ـ 100 كىلوگىرامغىچە مەھسۇلات ئاشۇر-غىلى بولىدۇ؛ (2) ئوغۇتلاش ۋاقتى: بۇغداي مايسىسى ئاجىزراق بولغاندا، ئەتىيازدا يېتەرلىك ئوغۇتلاشنى ئاساس قىلىپ، كۆكلەش سۇيىگە بىرلەش-تۈرۈپ ئوغۇتلاش كېرەك. بوغۇم تارتىش مەزگىلىگە كەلگەندە ئىككىنچى قېتىملىق ئوغۇتلاش لازىم. بۇغداي مايسىسى ياخشى بولغان بۇغداي ئېتىز-لىرىدا، ئوغۇتنى يېتەرلىك بېرىش ۋە تىزگىنلەش تەدبىرىنى قوللىنىش كېرەك. يەنە تۇپراق ئۇنۇمدارلىقى بىرقەدەر تۆۋەن بولغان ئېتىزلاردا ئۆ-

# مۇناقى ئۈزۈمنى چۆنەكلەپ سۇغىرىش ئۇسۇلى

ئەخمەتجان باقى
(ئاتۇش شەھەرلىك ئارغۇ يېزىلىق سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدىن 845350)

**1. ئۈزۈمنى چۆنەكلەپ سۇغىرىش ئۇسۇلى:** باغۋەنلەر ئۈزۈمنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن ھەربىر قۇر ئۈزۈم تۈپىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن، چۆنەك ئېچىپ سۇغىرىش، چۆنەك كەڭلىكى ئۈچ مېتىر (ئۈزۈم تۈپىنىڭ ھەربىر تەرىپىدىن 1.5 مېتىر قالدۇرۇلىدۇ) قىلىپ، قالغىنى تاختا (يول) قىلىنىپ، ئېگىزلىكى 30 ـ 40 سانتىمېتىر قىلىنىدۇ. تاختا چوقۇم تۈز، تەكشى، ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قولايلىق بولۇشى كېرەك.

**2. سۇغىرىشتىكى تېخنىكىلىق تەلەپ:** چۆنەكلەپ سۇغارغاندا ئاز ـ ئازدىن كۆپ قېتىم سۇغىرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، سۇغىرىش مىقدارىنى كونترول قىلىش لازىم. (1) بىخ سۈرۈش سۈيى (4 ـ ئاينىڭ بېشىدىن ئوتتۇرىلىرىغىچە) ھەر موسىغا 50 كۇب مېتىر قۇيۇلسا بولىدۇ؛ (2) يېڭى نوتىلارنىڭ ئۆسۈش مەزگىلى (4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە) دە ھەر موغا 35 ـ 40 كۇب مېتىر سۇ قۇيۇش؛ (3) مېۋىلەش مەزگىلى (6 ـ ئاينىڭ باشلىرى) دە ھەر موغا 35 ـ 40 كۇب مېتىر سۇ قۇيۇش؛ (4) مېۋىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلى (7 ـ ئاي)، ھەر موغا 35 ـ 40 كۇب مېتىر سۇ قۇيۇش؛ (5) ئۈزۈم مېۋىسىنىڭ رەڭلىنىش مەزگىلى (8 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىن ئوتتۇرىلىرىغىچە) دە، ھەر موسىنى 30 كۇب مېتىر سۇ بىلەن سۇغىرىش كېرەك.

سۇشتىن تارتىپ بوغۇم تارتىشقىچە بولغان مەزگىلدە ئىككى قېتىم ئوغۇتلاش كېرەك. تۇپراق ئۇنۇمدارلىقى بىرقەدەر ياخشى، ئۆسۈشى تىمەن بولغان ئېتىزلاردا بوغۇم تارتىش مەزگىلىدە ئوغۇتلاش كېرەك. بىرىنچى بوغۇمى شەكىللەنگەندىن كېيىن ئوغۇتلىسا ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. بوغداي مايسىسى تىمەن بولغان ئېتىزلاردا كونترول قىلىش تەدبىرلىرىنى ئاساس قىلىپ ئوغۇتلاش كېرەك. بەك كۆپ ئوغۇتلىماسلىق، بويىغا زورلاپ كېتىپ كېچىكىپ پىششىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. (05)

**3. ئەسكەرتىش:** باغۋەنلەر سۇغىرىش مىقدارى، قېتىم سانىنى، ۋاقتىنى شۇ جاينىڭ تۇپراق قاتلىمى، يەر ئاستى سۇيىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى، ئۈزۈمنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىغا قارىتا مۇۋاپىق تەڭشەپ، شېغىللىق يەرلەردە چۆنەكلەپ سۇغىرىشنى قوللانسا بولمايدۇ.

**4. چۆنەكلەپ سۇغىرىشنىڭ ئارتۇقچىلىقى:** چۆنەكلەپ سۇغىرىش ئەنئەنىۋى سۇغىرىش ئۇسۇلىغا قارىغاندا تۆۋەندىكىچە ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە: ① چۆنەكلەپ سۇغارغاندا ئۈزۈمدە كېسەللىك، ھاشاراتلارنىڭ كۆپلەپ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. چۈنكى باغۋەنلەر مەھسۇلات قوغلىشىپ، سۇ مىقدارى، قېتىم سانىنى كۆپەيتىۋەتكەنلىكتىن، باراڭ ئاستىدىكى نەملىك كۆپىيىپ كېتىپ، ئۈزۈمنىڭ شاخلىرى باراقسان ئۆسۈپ، شامال ۋە كۈن نۇرىنىڭ ئۆتۈشى ئاجىزلاپ، ئوگايلا ئۈزۈمنىڭ قىروسمان پاختىلىشىش كېسىلى، ئاق توزان كېسىلى، قوڭۇر داغ كېسىلى قاتارلىق كېسەللىكلەر يۈز بېرىپ، ئۈزۈم سۈپىتى ۋە پىشىشىغا زور تەسىر يەتكۈزىدۇ. چۆنەكلەپ سۇغىرىش ئارقىلىق نەملىكنى ئازايتىپ، كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىپ، ئۈزۈم سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ؛ ② چۆنەكلەپ سۇغىرىش تېخنىكىسى سۇ كەمچىل بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، سۇنى تېجەپ، سۇنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. ئۈزۈمنى چۆنەكلەپ سۇغارغاندا سۇ مىقدارىنى مۇۋاپىق كونترول قىلىپ، ئۈزۈمنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى، سۇنىڭ پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ؛ ③ ئەمگەك كۈچىنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ. چۆنەكلەپ سۇغىرىش تېخنىكىسىنى قوللانغاندا بىر يىلدا سەرپ قىلىنىدىغان تويا بوشىتىش، ئوت ئوتاشقا كېتىدىغان ئومۇمىي ئەمگەك كۈچىنىڭ يېرىمىنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ؛ ④ چۆنەكلەپ سۇغىرىش تېخنىكىسىنى قوللانغاندا ئۈزۈمنىڭ تولۇق ئېتىز ـ ئېرىق پەرۋىشىنى قىلىشقا قولايلىق بولىدۇ. ⑤ چۆنەكلەپ سۇغىرىش تېخنىكىسىنى قوللىنىش، شەھىرىمىزنىڭ مۇناقى ئۈزۈمنى قېلىپلاشتۇرۇپ ئۆس-

# ئاتۇش شەھرىدە سۇنى تېجەپ ئىشلىتىش ھەققىدە ئويلىغانلىرىم

مەمەت ئابلىز
(ئاتۇش شەھەرلىك سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدىن 845350)

ئاتۇش شەھىرى قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئومۇمىي يەر مەيدانى 14 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىرغا يېتىدۇ، نوپۇسى 220 مىڭدىن ئاشىدۇ. سۇغىرىش كۆلىمى 334000 مو، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىم مىقدارى 423 مىليون كۇب مېتىر، بۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئۇنۇمى 60% ئەتراپىدا بولۇپ، يىللىق تەمىنلەپ بەرگەن سۇ مىقدارى 255 مىليون كۇب مېتىر، بىر مو يەرنىڭ يىللىق سۇ ئىشلىتىش مىقدارى ئوتتۇرىچە 700 كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. خەلق ئىگىلىكىدە دېھقانچىلىقنى ئاساس، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق ۋە پىششىقلاپ ئىشلەشنى قوشۇمچە قىلغان بولۇپ، دېھقانچىلىقتا بۇغداي، قوناق، كېۋەز قاتارلىق زىرائەتلەر تېرىلىدۇ، باغۋەنچىلىكتە ئۈزۈم، ئەنجۈر ئاساس قىلىنىدۇ.

يېقىنقى سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بولۇپمۇ ھەرقايسى يېزا ـ مەيدانلاردا يىلمۇ ـ يىل يەر ئېچىپ سۇغىرىش كۆلىمى كۆپىيىۋاتقان، خەلق تۇرمۇشىدا سۇغا بولغان ئېھتىياج ئېشىۋاتقان شارائىتتا، يېزا ئىگىلىكىگە سۇ بىلەن تەمىنلەشنى ياخشى باشقۇرۇپ، پىلانلىق تەمىنلەپ، سۇنى پىلانلىق، تېجەشلىك ئىشلىتىپ، يېزا ئىگىلىك ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش لازىم.

نۆۋەتتە سۇنى تېجەپ ئىشلىتىش ئۈچۈن، ھەرقايسى سۇغىرىش رايونلىرىدا ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردە سىڭمەسلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش، يەرلەرنى تۈزلەپ تەكشىلەش، پۈركۈپ سۇغىرىش

تۇرۇشتىكى ھالقىلىق تەدبىرلەرنىڭ بىرى. شۇنداقلا ئۈزۈمنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى مۇھىم ئامىل. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىل تېخنىكىنى كېڭەيتىش ـ دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى، يېزا ئىگىلىكىدە زور ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم يارىتىشتا مۇھىم تېخنىكىلىق تەدبىردۇر. (05)

رىش، تېمىتىپ سۇغىرىش، تۇرۇبا ئارقىلىق سۇغىرىش، تاختىلاپ چۆنەك-لەپ سۇغىرىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، پىلانلىق سۇ ئىشلىتىش، سۇنى نورمىلىق تەمىنلەش، ئىككى خىل سۇنى (يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستى سۇنى) بىر تۇتاش باشقۇرۇش قاتارلىق ئىلغار باشقۇرۇش تەدبىرى ئارقىلىق سۇنى تېجەپ ئىشلىتىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش نىشان قىلىنىۋاتىدۇ.

ئاتۇش شەھىرىنىڭ سۇ مەنبەسى چەكلىك، سۇ كەمچىل بولغان رايون بولۇپ، سۇغىرىش ئېھتىياجىنى تولۇق قاندۇرالمايدۇ. يېقىنقى بىر مەزگىل ئىچىدە هازىر بار بولغان سۇغىرىش كۆلىمى ئاساسىدا، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تۆۋەن هوسۇللۇق ئېتىزلارنى، شورلۇق يەرلەرنى ئۆزگەرتىپ ۋە بىنام يەر ئېچىپ، يېڭى سۇغىرىش رايونىنى كېڭەيتىش تەلەپىدىن قارىغاندا، شەھە-رىمىزنىڭ سۇ بايلىقى تېخىمۇ جىددىيلىشىشكە قاراپ يۈزلىنىپ، ئېھتى-ياج بىلەن تەمىنلەش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كەسكىنلەشتى. شۇڭا سۇ-غىرىش رايونلىرىغا باشلىنىدىغان سۇ بايلىقىنى چىڭ تۇتۇشقا ئەهمىيەت بېرىپ، تۆجۈپىلەپ سۇغىرىشنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سۇنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، سۇ تېجەش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئېتىز - ئېرىق سۇغىرىشتىكى يېڭى تېخنىكا ۋە يېڭى ئۇ-سۇلغا قارىتىش كېرەك.

سۇ تېجەشتە ئاتۇش شەھىرىنىڭ يەر شارائىتى ۋە ئەمەلىي ئەھۋالغا ئا-ساسەن، ھەر دەرىجىلىك ئۆستەڭلەرنى سىڭمەسلەشتۈرۈپ ياساپ چىقىش، ئۆستەڭ ئۇستىدىكى قۇرۇلمىلارنى تولۇقلاش، يەر سۇغىرىشتا چۆنەكلەپ ۋە كىچىك تاختىلاپ سۇغىرىش، سۇ تەمىنلەشتە چوقۇم پىلان بولۇش، چۆنەك-لەپ ۋە كىچىك تاختىلاپ سۇغارغاندا سۇنى 10% تېجەپ قالغىلى، مەهسۇلاتنى 10% ئەتراپىدا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. سۇغىرىش ئېرىقلىرىنىڭ ئارىلىقى 20 ـ 30 مېتىر، ئېقىن مىقدارى سېكۇنتىغا 15 ـ 25 لىتىر بولسا بولىدۇ، يىللىق سۇ مىقدارى 350 كۇب مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ.

يۇقىرىقى تېخنىكىلىق جەھەتتىن تەھلىل قىلغاندا، شەھىرىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە باشقۇرۇش جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى نەزەردە تۇت-قاندا، چۆنەكلەپ ۋە كىچىك تاختىلاپ سۇغىرىش سۇ تېجەش تەلىپىگە ئۇي-غۇن بولۇپ، شەھىرىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. (05)

# بىدىنىڭ يالىدىلىق تەرەپلىرى

گۈلنىسا ئىمىن
(يەكەن ناھىيە ئارال يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 844700)

1. بىدە ـــ ھوسۇلى كۆپ، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى يۇقىرى، ئىسسىق ـ سوغۇققا چىدامىلىق، تۇپراققا ماسلىشىشچانلىقى يۇقىرى ئىقتىسادىي زىرائەت بولۇپ، تەركىبىدە ئاقسىل، كالتسىي، فوسفور ۋە ھەر خىل ۋىتامىنلار مول بولغانلىقتىن چارۋا ـ ماللار ياقتۇرۇپ يەيدۇ. ياخشى پەرۋىش قىلىنسا بىر يىلدا 3 ـ 4 قېتىم ئورىغىلى، ھەر مو يەردىكى بىدىلىكتىن 5500 ~ 6000 كىلوگىرامغىچە مەھسۇلات ئالغىلى بولىدۇ. بىدىنىڭ سوغۇققا چىدامىلىقى كۈچلۈك بولۇپ، ھەر يىلى تەكرار تېرىسىمۇ بولىدۇ. يىلتىز سىستېمىسى تەرەققىي قىلغاچقا، قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق بولۇپ، باشقا زىرائەتلەر بىلەن سۇ تالاشمايدۇ، شۇڭا بىدە تېرىغاندا ئەمگەك كۈچى، ئۇرۇق، ئوغۇت، سۇ ھەققى قاتارلىقلارنى تېجەپ قالغىلى، شۇ ئارقىلىق ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

2. بىدىگە كۆن نۇرى چۈشۈش ۋاقتى يېتەرلىك بولسا، چېچەكلى كۆپ، دان تۇتۇش نىسبىتى يۇقىرى ۋە ئۆسۈشى تېز بولىدۇ، يىلتىزىنىڭ تەرەققىياتىمۇ تېزلىشىدۇ، يىلتىز سىستېمىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئۆسۈشى تېزلىشىپ، مەھسۇلاتى ئاشىدۇ. بىدە يەنە يىلتىز تۈگۈنەك باكتېرىيەسى ئارقىلىق ھاۋادىكى ئەركىن ئازوتنى تۇراقلاشتۇرالايدۇ. بۇنىڭ بىلەن تۇپراقتا كۆپ مىقداردا ئاقسىل ھاسىل بولۇپ، يېتەرلىك ئازوت توپلىنىپ، تۇپراقنىڭ ئۈنۈمدارلىقى ئاشىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە بىدە يەر ئاستى سۈيىنى تۆۋەنلىتىش رولىنى ئوينايدىغان بولغاچقا، تۇپراق يۈزىدە شور ھاسىل قىلمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىدە يىلتىز ئەتراپىدا ئورگانىك ماددىلار كۆپىيىپ، تۇپراقنىڭ، بولۇپمۇ شورلۇق تۇپراقنىڭ قۇرۇلمىسىدا روشەن دەرىجىدە ياخشىلىنىش بولىدۇ. دېمەك بىدە يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

## سۈتى تارتىلىش مەزگىلىدىكى ئىنەكلەرنى بېقىپ باشقۇرۇشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

قۇربانبۇۋى دۈيشىماخۇن
(ئاتۇش شەھەر تۇگۇرمىتى يېزا چارۋىچىلىق مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن 845350)

ئىنەكنىڭ سۈتى تارتىلىش مەزگىلى ــ ئالدىنقى مەزگىلى ۋە ئاخىرقى مەزگىلى دەپ ئايرىلىدۇ. بۇ مەزگىلدە بېقىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، كېيىنكى يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا بۇ مەزگىلدىكى بېقىپ باشقۇرۇشتا تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

1. موزايىنى بېقىش باشقۇرۇش مۇۋاپىق بولۇش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن موزاي تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن، يەنى سۈتى تارتىلىش مەزگىلىدە ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تۆرەلمىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە تۇغۇلۇش ئېغىرلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش زۆرۈر.

2. سۈتى تارتىلىش مەزگىلىدە ئىنەك سەمرىپ كەتسە ياكى كۈندىلىك ئېغىرلىق قوشۇلۇشى تېز بولۇپ كەتسە ناھايىتى ئوڭايلا قىيىن تۇغۇت ۋە چىللە قىزىتمىسى، كېتون كېسىلى قاتارلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

3. بىدە چارۋا ـ ماللارنى سەمرىتىش، تەن ساغلاملىقىنى ئاشۇرۇش، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، چارۋا مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇرۇش، سۈپىتىنى ياخشىلاش، قىش ـ ئەتىيازدىكى ئوت ـ چۆپ يېتىشمەسلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەھەتلەردە كەم بولسا بولمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا باش باھاردىكى يېڭى بىدە مايسىسىدا ھەر خىل ۋىتامىن ۋە ئامىنونىي كىسلاتالار كۆپ بولۇپ، بۇنى ئادەم ۋە چارۋا ـ ماللار يېسە بەدەننى كۈچلەندۈرۈپ، قاننى تازىلاپ، قاننىڭ يېپىشقاقلىقىنى، قاندىكى مايىنى، قاندىكى قەنت مىقدارىنى تۆۋەنلىتىپ، قەۋزىيەت، ھەزىم ئىقتىدارى تۆۋەن بولۇش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ. (02)

ئەگەر ئەكسىچە بولغاندا تۇغۇلغان موزاينىڭ تېنى ئاجىز بولۇش، تۆرەلمە چۈشۈپ كېتىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى، كۆپىيىش ئىقتىدارى تۆۋەنلەشتەك ئەھۋاللار كېلىپ چىقىدۇ.

3. سۈتى تارتىلىش مەزگىلىدىكى ۋە سۈت بېرىش مەزگىلىدىكى ئىنەكلەرنى ئايرىپ، تولۇق قىممەتلىك يەم ـ خەشەك بىلەن بېقىش كېرەك.

4. تۇغۇشتىن بىر ھەپتە بۇرۇن ۋە سۈتى تارتىلىش مەزگىلىدە كۈندىلىك يېمىگە ۋىتامىن A، D ۋە E لارنى قوشۇپ بېرىش، ئۇنىڭدىن باشقا ئىنەكلەرنى كۈندىلىك ھەرىكەت قىلىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

5. سۈتى تارتىلىش مەزگىلىدە مىنېرالنى ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. بولۇپمۇ ۋىتامىن E، D، A لارنى ئادەتتىكى ۋاقىتتىكىدىن ئىككى ھەسسە ئاشۇرۇپ بېرىش، تۆمۈر، مىس، مانگان، سىنىكنى ئادەتتىكى ۋاقىتتىكىدىن 1.5 ھەسسە ئارتۇق بېرىش، سېلىننى ھەر كۈنى ئالتە مىللىگىرام بېرىش لازىم.

6. سۈتى تارتىلىش مەزگىلىدە كالىلارنىڭ يىرىك ئاقسىل مىقدارى 15% بولسا موزاينىڭ ئەي بولۇشىغا پايدىلىق. ئەكسىچە بولغاندا ياكى ئاقسىلنىڭ كەمچىل بولۇشى موزايلارنىڭ ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاجىزلىتىپ، موزاينىڭ ئەي بولۇش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ.

7. سۈتى تارتىلىش مەزگىلىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچىدا ئوت ـ چۆپ بېرىش مىقدارىنى ئوتتۇراھال سەۋىيەدە ساقلاش، بوغۇز مىقدارى تەن ئېغىرلىقىنىڭ 0.6% ~ 0.8% تىگە توغرا كېلىش، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق كالا ۋە تېنى ئورۇق كالىغا مۇۋاپىق مىقداردا ئەلا سۈپەتلىك ئوت ـ چۆپ بېرىپ، بوغۇزنى كۆپەيتىپ بېرىش كېرەك.

8. ئاخىرقى مەزگىلدە كۈندىلىك يېمىگە مۇۋاپىق مىقداردا ئاقسىلنى كۆپەيتىپ بېرىش، يۇقىرى كالتسىيلىق يەم ياكى مەنپىي تۇز ئىيوننى قوشۇشتىن ساقلىنىش كېرەك. (02)

# تىراكتور مەشغۇلاتىغا قويۇلىدىغان تېخنىكىلىق تەلەپلەر

باھارگۈل تۇرۇپ
(قاغىلىق ناھىيە چاسمىچىت يېزىلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتىدىن 844900)

1. تىراكتورنى قوزغاشتىن بۇرۇن ئەتراپىنى كۆزىتىپ، بىخەتەر دەپ قارىغاندا سىگنال بېرىپ، مۇفتا تەپكىسىنى دەسسەپ خوتقا سالغاندىن كېيىن تەپكىنى سىلىق قويۇۋېتىپ، ماينى ئاستا ـ ئاستا بېرىپ، ئورنىدىن سىلىق قوزغاش لازىم.

2. بىر تىراكتورغا بىرلا پىرىتسىپ چېتىش، كىچىك تىپلىق تىراكتورغا چوڭ، ئوتتۇرا تىپلىق پىرىتسىپلارنى چاتماسلىق لازىم.

3. پىرىتسىپقا يەل ۋە ماي تورمۇز قۇرۇلمىلىرى ھەمدە ئارقا چىراغ، تورمۇز چىراغ، يول كۆرسەتكۈچ چىراغ قاتارلىقلار ئورنىتىلىشى لازىم.

4. تىراكتورغا چېتىلغان پىرىتسىپ مەزمۇت، ئىشەنچلىك چېتىلىشى ھەمدە مۇھاپىزەت تورى، بىخەتەرلىك زەنجىرى ۋە بىخەتەرلىك چۆلۈكى سەپلىنىشى لازىم.

5. تىراكتورنىڭ يول كۆرسەتكۈچ چىرىغى، سىگنال، ئارقا چىراغ، تورمۇز چىراغ قاتارلىق بىخەتەرلىك ئۈسكۈنىلىرى تولۇق ۋە ساق بولۇش لازىم.

6. پىرىتسىپقا قاچىلانغان يۈك تەكشى بولۇشى، بىر ئوقلۇق پىرىتسىپنىڭ ئالدى تەرىپىگە، قوش ئوقلۇق پىرىتسىپلىق كەينى قىسمىغا قاچىلانغان يۈك زىيادە ئېغىر بولۇپ كەتمەسلىكى، يۈك بىر تەرەپكە قىيسىيىپ قالماسلىق لازىم.

7. تىراكتورنىڭ ئوڭ ۋە سول تورمۇز تەپكىسىنىڭ زەنجىرسىمان قۇلۇپلىنىشى مۇستەھكەم بولۇشى، تىراكتورنىڭ ئىككى چاقى بىرلا ۋاقىتتا تورمۇزلىنىشقا كاپالەتلىك قىلىنىشى لازىم.

8. ئەگمە يول ياكى توسالغۇلاردىن ئايلىنىپ ئۆتىدىغان يوللارغا كەلگەندە سۈرئەتنى ئاستىلىتىپ مېڭىش لازىم. تىراكتور ۋە پىرىتسىپ پۈتۈنلەي ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، نورمال خوتتا مېڭىشقا بولىدۇ.

# كەنت كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى مۈلۈكلەرنى باشقۇرۇشتا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ھەل قىلىش تەدبىرلىرى

پاتىگۈل قادىر
(كورلا شەھىرى ئاۋات يېزىلىق ئىگىلىك باشقۇرۇش پونكىتىدىن 844100)

كەنت كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى مۈلۈكلەرنى باشقۇرۇش ــ كەنت ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش خىزمىتىدىكى مۇرەككەپ ۋە مۇھىم خىزمەت. نۆۋەتتە يېزا باج ھەق ئىسلاھاتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يېزىلاردىكى ئىگىلىك باشقۇرۇش تارماقلىرى كەنت كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى مۈلۈكلەرگە قارىتا كونكرېت باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللانغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا بىر قىسىم مەسىلىلەر ساقلانماقتا. (1) ئىلگىرىكى بار بولغان مۈلۈكلەر يەنى ئورمان مۈلكى قاتارلىقلارنىڭ دەپتەردىكى سانى بىلەن ئەمەلىي سانى ئوخشاش بولماسلىق؛ (2) ئىبتىز ـ ئېرىق ئاساسىي ئەسلىھە قۇرۇلۇشىدىكى تاقاق، كۆۋرۈك قاتارلىقلارنىڭ پەيدا بولۇش ۋە بۇزۇلۇپ كېتىشىگە قارىتا

---

9. كەينىچە مېڭىشتىن ئىمكانقەدەر ساقلىنىش، زۆرۈر بولغاندا بىر قەدەر كەڭرەك، تەكشى بولغان جاينى تاللاش كېرەك، كەينىگە ياندۇرغاندا پىرىتسىپ قاتلىنىپ قېلىش ئەھۋالى كۆرۈلسە دەرھال تىراكتورنى توختىتىپ، ئوڭشىغاندىن كېيىن قايتىدىن ياندۇرۇپ مېڭىش لازىم.

10. داۋاندىن چۈشكەندە، قار ـ مۇزلۇق ۋە لاي ـ پاتقاق يوللاردا ماڭغاندا تىراكتورنى جىددىي تورمۇزلاشتىن ساقلىنىش لازىم.

11. يول يۆرگەندە پىرىتسىپنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىپ مېڭىش، تىراكتور ماشىنىلار بىلەن ئۆتۈشكەندە ۋە ياندىغاندا پىرىتسىپنىڭ بىخەتەر ئۆتۈپ كېتىشىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

12. تىراكتورنىڭ كابىنكىسىدىن باشقا جايدا ئادەم ئولتۇرۇشقا (تىراكتور بىلەن پىرىتسىپنىڭ چېتىلىدىغان جايىدىمۇ ئادەم ئولتۇرۇشقا ياكى ئۆرە تۇرۇشقا) بولمايدۇ. (02)

ھېساباتتا بىر تەرەپ قىلماسلىق؛ (3) باشقۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان مۈلۈكلەر (كومپيۇتېر، ئۈستەل، ئورۇندۇق، تېلېفون، ئاۋاز كۈچەيتكۈچ ۋە باشقىلار) نىڭ پەقەت كەنت مالىيەسىدىن چىقىم قىلغان قىسمىنىلا ھېسابقا كىرگۈزۈلۈپ، ھەدىيە قىلىش ۋە باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق شەكىللەندۈرگەنلىرىنى ھېسابقا كىرگۈزمەسلىك؛ (4) مۈلۈكلەرنى باشقۇرۇشقا قارىتا مەخسۇس خادىم باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويماي، مۈلۈكلەر خالىغانچە بۇزۇلۇپ كېتىدىغان، يوقاپ كېتىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت.

**تۈزىتىش تەدبىرلىرى:** (1) كەنت كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى تەشكىلاتلار يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا قارىتا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مۇقىم مۈلۈكلەرگە قارىتا كەڭ دائىرىدە ئېنىقلاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. ئېنىقلاش خىزمىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مۇقىم مۈلۈكلەر ئىچىدىكى يوقاپ كەتكەن، بۇزۇلۇپ كەتكەن مۈلۈكلەرگە قارىتا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن ھېساب ئىچىدە چارە كۆرۈش كېرەك؛ (2) مۇقىم مۈلۈكلەرنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئېنىقلاپ، ھەدىيە قىلغان مۇقىم مۈلۈكلەرنى تالونى بولسا تالوندىكى مۇناسىۋەتلىك خىراجەتلەرنى قوشۇش ئارقىلىق ھېساباتقا كىرگۈزۈش، تالون بولمىسا شۇ مۇقىم مۈلۈكلەرنىڭ بازار باھاسى بويىچە ھېسابقا كىرگۈزۈش كېرەك؛ (3) مۈلۈك باشقۇرۇشتا ئەڭ مۇھىمى مۈلۈكلەرنى مەخسۇس ئادەم باشقۇرۇش خىزمىتىنى چىڭىتىش، مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ باشقۇرۇشقا دىققەت قىلىش كېرەك. كەنت كوللېكتىپ ئىگىلىك تەشكىلاتلىرى يۇقىرىقى خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىسىلا مۇقىم مۈلۈكلەرنى ياخشى باشقۇرۇپ، كەنت ئىقتىسادىنى زورايتىشقا ئاساس سالغىلى بولىدۇ. (05)

# ئېلېكترلەشكەن بوغالتىرلىقتا ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە ھەل قىلىش ئۇسۇلى

ئارۇپجان مەرۇپ
(غۇلجا ناھىيە يېڭىتام يېزىلىق ئىگىلىك باشقۇرۇش پونكىتىدىن 835100)

1. بوغالتىرلارنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق ئەمەس. بىر جەھەتتىن بوغالتىرلارنىڭ نەزەرىيەۋى بىلىمى قولدا مەشغۇلات قىلىدىغان بوغالتىرلىق سەۋىيەسىنى قاندۇرالايدۇ. بىراق ئېلېكترلەشكەن بوغالتىرلىق خىزمىتىگە بولغان تەلەپ ئىنتايىن يۇقىرى، يەنى بوغالتىرلاردىن بەلگىلىك بوغالتىرلىق كەسپىي بىلىم ئىگىلەشنى ۋە ئالاقىدار ئېلېكترلەشكەن بىلىملەرنى ئىگىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. مالىيە يۇمشاق دېتالى مەشغۇلاتى ۋە ئالاقىدار ئۇسكۇنىلەرنى ئاسراش ۋە قوغداش بىلىملىرى بولۇش، ئۇنىۋېرسال بىلىم قۇرۇلمىسى بار بوغالتىرلارنى تەربىيەلەشنى ئاساسىي ئېقىم سۈپىتىدە تۇتۇش كېرەك. بىر قىسىم بوغالتىرلاردا كەسپىي تەجرىبە مول، لېكىن ئېلېكترلەشكەن كەسپىي بىلىمى ناھايىتى تۆۋەن، شۇڭا ئېلېكترلەشكەن بوغالتىرلىقنى بىر تەرەپ قىلىش كەسپىنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا ئەنئەنىۋى قولدا مەشغۇلات قىلىشنى ئۆزگەرتىش كەمچىل. بوغالتىرلىق ئۇچۇر سىستېمىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە تەڭشەش يېتەرسىز، قول بىلەن مەشغۇلات قىلىش ئەندىزىسىدىكى گەۋدىلىك ئاجىزلىق باشقۇرۇش ئۈنۈمى تۆۋەن، ئۇچۇرلارنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلمىغان ۋە قايتۇرما ئىنكاس بېرىلمىگەن، بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا قايتىلىنىش قاتارلىق مەسىلىلەر مەۋجۇت. بۇنداق بولغاندا ئوتتۇرىدىكى ھالقىلىق قىسقارتىش ۋە بىرلەشتۈرۈشكە پايدىسىز بولۇپ، ئاددىي تەكرارلىنىدىغان كەسپىي جەريانىنى تەڭشەپ، ئېلېكترلەشكەن باشقۇرۇش ئالاھىدىلىكىنى قايتا لايىھەلەشكە ئامالسىز، شۇڭا ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا ئىككى تەرەپتىن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. شۇنداقلا ئادەم ۋە ماشىنىدىن ئىبارەت بىرلەشكەن ئۇسۇلنى قوللىنىپ، ئەڭ تۆۋەن بولغان تەننەرخى بىلەن كەسپىي جەريانىنى بىر تەرەپ قىلىش تۈزۈمىنى بېكىتىپ، مەشغۇلاتنى پۈتۈنلەي ھېسابلاش ماشىنىسى ئارقىلىق تاماملىغىلى بولىدۇ. ھېسابلاش ماشىنىسىدا بىر تەرەپ قىلىشقا ماسلاشتۇرىدىغان بەزى ھالقىلار كۆپەيسىمۇ، ئاساسىي قاتلام بوغالتىرلىرى ۋاقىت چىقىرىپ يۇرۇشلەشتۈرەلەيدۇ.

2. خادىملارنىڭ بىخەتەرلىك مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش تونۇشى كەمچىل. ئاساسىي قاتلامدا بىخەتەرلىك خاراكتېرىگە ئىگە مەسىلىلەرگە كاپالەتلىك قىلىش قىيىن، يۇمشاق دېتال، قاتتىق دېتال كاشىلىسى ۋە ۋىرۇسنىڭ كىرىشى كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. باشقا سانلىق مەلۇماتلارنىڭ بىخەتەر ۋە ئىشەنچلىكلىكى دائىم تەھدىتكە ئۇچراپ تۇرىدۇ. قوشۇلغان سانلىق ماتېرىياللارنى ساقلاش جەھەتتە ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ماتېرىياللارنى قەرەللىك ھالدا كۆپەيتىپ ساقلىمىغاندا ھەم ھېسابلاش ماشىنىسىدا ئايرىپ ساقلىمىغاندا، كاشىلا كۆرۈلسە زىيان ئېغىر بولۇپ قايتا تولۇقلاش تەسكە توختايدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ساقلاش تونۇشى كەمچىل بولسىمۇ زور زىياننى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى مەشغۇلات ھوقۇق چەكلىمىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش مۇۋاپىق ئەمەس، مەشغۇلاتنى باشقۇرۇش قاتتىق ئەمەس، ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا مەخسۇس ماشىنا، مەخسۇس ئادەم، مەخسۇس ئىشلىتىلىشى ئىشلەنمىگەن ياكى مەشغۇلات ھوقۇقى چەكلىمىسى ياخشى ئورۇنلاشتۇرمىغان ۋە ئاھاڭلىق مەخپىي نومۇر بېكىتىش قاتتىق بولماسلىقتىنمۇ بوغالتىرلىق مەسئۇلىيىتىدىمۇ مەسىلىلەر كۆرۈلىدۇ.

3. نۆۋەتتە ئىشلىتىۋاتقان يۇمشاق، قاتتىق دېتاللارنىڭ تېخنىكا سەۋىيەسى تۆت سانلىق ئامبار سىستېمىسىنىڭ ئىقتىدارى يېتەرسىز بولۇپ، بوغالتىرلىق يۇمشاق دېتال كۆپ ئابونتلىق ئىشلىتىش تەلىپىنى قاندۇرالماسلىق ئەھۋالىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ. نۆۋەتتە سەپلەنگەن تاق ئابونتلىق، كۆپ ئابونتلىق ئىشلەش بوغالتىرلىق يۇمشاق دېتاللىرى كىچىك تىپتىكى سانلىق ئامبار سىستېمىسىدىنلا ئىبارەت. بۇ سانلىق ئامبار سىستېمىسىنىڭ ئىقتىدارى ئاجىز بولۇپ، ئىشلىتىۋاتقان بوغالتىرلىق يۇمشاق دېتاللار باشلانغۇچتىكى مەھسۇلات. ئېلېكتىرلەشكەن ھېسابلىغۇچنىڭ تېخنىكىسىنىڭ ئۈزۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى، بوغالتىرلىق يۇمشاق دېتالنىڭ ئارقىدا قېلىشى بوغالتىرلىق ئىقتىدارىنىڭ ئالغا بېسىشتىكى بىر توسالغۇ بولۇپ قالدى. (05)

# چىلان ساقلاش ئۇسۇلى

خەيرىنگۇل ھوشۇر
(يوپۇرغا ناھىيە ئەشمە بازارلىق ئورمانچىلىق پونكىتىدىن 841000)

**1. يىغنۇېلىشقا قويۇلىدىغان تەلەپ:** چىلان تېرىسى ۋە گۆشىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، پىشىش جەريانى ئاق پىشىش، چۇرۇك پىشىش ۋە كېيىن پىشىش مەزگىلى دەپ ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ. چىلاننىڭ سورتى ۋە ئىشلىتىلىش ئورنىغا ئاساسەن ئوخشىمايدۇ. ھۆل يېيىلەيدىغان، ھۆل پېتى ساقلىنىدىغان چىلان: چۇرۇك پىشىش مەزگىلىدە يىغنۇېلىنىدۇ. بۇ مەزگىلدە پىشقان چىلاننىڭ، رەڭگى پارقىراق، چۇرۇك، قەنت مىقدارى يۇقىرى، تەمى تېتىملىق، ۋىتامىن C مىقدارى يۇقىرى بولىدۇ. قۇرۇتۇلغان چىلان: بۇنداق چىلانلارنى كېيىن پىشىش مەزگىلىدە يىغىشقا بولىدۇ، رەڭگى ياخشى، شەكلى كۆركەم، قۇرۇق ماددا مىقدارى كۆپ ئاسان قۇرۇيدۇ. تاۋارلىق قىممىتى ۋە قەنت مىقدارى يۇقىرى، سورتى ياخشى بولىدۇ.

**2. يىغىش ئۇسۇلى:** ھۆل يېيىلىدىغان ۋە كۆك ساقلىنىدىغان چىلان: ئادەم كۈچى بىلەن يىغىش، ساپىقى بىلەن يىغىش، زەخىملەندۈرۈپ قويماسلىق، ساپىقى بىلەن ئۈزۈلگەن چىلاننى ئۇزاق ساقلاشقا بولىدۇ، ئەتىگىنى شەبنەم قۇرۇغاندىن تارتىپ شىنجاڭ ۋاقتى 11:00 دىن بۇرۇن يىغنۇېلىنسا بولىدۇ. قۇرۇتۇلىدىغان چىلان: چىلانلىق رايونلاردا خادا بىلەن ئۇرۇپ يىغىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن، بۇنىڭغا ئەمگەك كۆپ كېتىدۇ. ئەمگەك قىلىش قىيىن، شاخ، يوپۇرماق، مېۋىسى زەخىملىنىدۇ. بۇ دەرەخ ۋە چىلانغان تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇڭا ئېتىفون دورىسى ئىشلىتىپ چىلاننىڭ چۈشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە بولىدۇ. يىغىشتىن 5 ـ 6 كۈن بۇرۇن دەرەخكە 200 ـ 250 مىللىگىرام ئېتىفون (乙烯利) نى پۈركىگەندىن كېيىن، مېۋە ساپىقىدىن ئايرىلىپ، دەرەختىن بۇرۇن ئاجرايدۇ، ئادەتتە پۈركۈپ ئىككى كۈندىن كېيىن ئۈنۈمى كۆرۈلىدۇ. 3، 4 كۈندىن كېيىن مېۋە چۈشۈپ، 5 ـ 6 كۈنلىرى چىلان ئاساسىي جەھەتتىن ئاجراپ يەرگە چۈشىدۇ. ئېتىفىن ئارقىلىق ساپاقتىن ئاجرىتىپ چۈشۈرۈپ يىغنۇېلىش ئۇسۇلى قۇرۇتۇلىدىغان سورتلارغا ماس كېلىدۇ. ھۆل يېمەكلىكلەرگە ماس كەلمەيدۇ.

**3. ھۆل چىلاننى ساقلاش:** ھۆل چىلاننىڭ ئوزۇقلۇقى مول، يېيىشلىك، ۋىتامىن C مىقدارى يۇقىرى، دورىلىق قىممىتىگە ئىگە. لېكىن ھۆل چىلاننى ساقلاشقا باب كەلمەيدۇ، ئادەتتىكى تېمپېراتۇرىدا 24 سائەت ساقلىغاندا 5% سۇسىزلىنىپ، ئەسلى ھالىتى يوقىلىپ قىممىتى تۆۋەنلەپ، ھەتتا ۋىتامىن C مىقدارى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ. ئادەتتە بىر گىرادۇس بىلەن 1+ گىرادۇس ئەتراپىدا سوغۇق ساقلاش ئامبىرىدا ساقلاشقا بولىدۇ. يېشىل ساقلاش ئارقىلىق بازارنىڭ ئېھتىياجىنى تەڭشەپ، ئىق-

تىسادىي ئۇنۇمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. ① يىغىش مەزگىلى: چىلاننىڭ پە-
شىش دەرىجىسى يېشىل ساقلاشنىڭ مۇھىم ئامىلىنىڭ بىرى، ساقلاش ۋاقتىغا بولغان
تەسىرىمۇ ناھايىتى زور. چىلان 50% پىرسەنت ئەتراپىدا يېرىم قىزارغان مەزگىلدە
يېشىل ساقلاشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ، بالدۇر يىغىۋېلىنسا سۈپىتىگە ياخشى بولمايدۇ. بەك
كېيىن قالسا ساقلاش مەزگىلى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. ② ساقلاش شارائىتى: تېمپېراتۇرا:
يېڭى چىلاننىڭ ساقلىنىش تېمپېراتۇرىسى 0.5℃ — +1 گىرادۇس ئەتراپىدا كونت-
رول قىلىنسا ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى بولىدۇ. نەملىك دەرىجىسى: يېڭى چىلاننى ساقلى-
غاندا نەملىك 90% - 95% ئەتراپىدا كونترول قىلىنىش كېرەك. ③ ساقلاش ئۇسۇلى:
چىلان يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن، مېۋە ساندۇقىغا قاچىلىنىپ توشۇش جەريانىدا ئاستا
ئېلىپ ئاستا قويۇشقا دىققەت قىلىنىشى، سوقۇشۇپ زەخىملىنىشتىن ساقلىنىشى كې-
رەك. ساقلاشتىن بۇرۇن مېۋىلەرنى تاللاش، دەرىجىگە ئايرىش، يۇيۇش، دېزىنفېكسىيە
قىلىش ۋە سوۋۇتۇپ بىر تەرەپ قىلىش، ئاندىن كېيىن ئۇنى 0.01 - 0.02 مىللىمې-
تىرلىق زەھەرسىز ئېتىلېن ياكى خلورلۇق ئېتىلېن سۇلياۋ قاپقا قاچىلاش، ھەر قاپقا
بەش كىلوگىرامدىن تۆۋەن قاچىلاپ ئاغزىنى ھىم چىگىپ، قاپنىڭ ئوتتۇرىسىدىن
ئىككى يان تەرىپىدىن دىيامېتىرى بىر سانتىمېتىرلىق قىلىپ تۆشۈك تېشىپ ئاندىن
چىلاننى قاتلامغا ئايرىپ ساقلاش جازىسى ئۈستىگە قويۇش كېرەك.

**4. چىلاننى قۇرۇتۇپ پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسى:** نۆۋەتتە چىلاننىڭ
كۆپىنچىسى قۇرۇتۇپ ئىشلىتىلىدۇ. چىلان ساقلاشقا ۋە پىششىقلاپ ئىشلەشكە قۇلاي-
لىق مېۋىدۇر. ئۇنى دەل ۋاقتىدا قۇرۇتقاندا شۇ يىللىق ھوسۇلغا كاپالەتلىك قىلغىلى
بولىدۇ. (1) قۇرۇتۇش تېخنىكىسى: ① تەبىئىي قۇرۇتۇش: قۇياشنىڭ رادىئاتسىيە
ئىسسىقلىق، ئىسسىق شامىلى، شامالدىتىپ سايىدا قۇرۇتۇش ئۇسۇلى بىلەن قۇرۇتۇش
كېرەك. ② ئادەم كۈچى بىلەن قۇرۇتۇش: سۈنئىي ئۇسۇلدا ئىسسىقلىق، نەملىكنى
كونترول قىلىش شارائىتىدا، قاقلاش ئۆيىدە قۇرۇتۇشقا بولىدۇ. بۇ ئۇسۇل قۇرۇتۇش
ۋاقتىنى زور دەرىجىدە قىسقارتىپ يۇقىرى سۈپەتلىك قۇرۇق چىلانغا ئېرىشكىلى بو-
لىدۇ. (2) قۇرۇق چىلاننى ساقلاش: قۇرۇق چىلان، چوڭ - كىچىكلىكى، رەڭگى ۋە دە-
رىجىسىگە قاراپ ئوراپ قاچىلانغاندىن كېيىن ساقلىنىدۇ. ساقلاش ئۇسۇلى بىرقەدەر
كۆپ بولۇپ، ئەڭ ئۈنۈملۈكى سۇلياۋ قاپ ئارقىلىق ساقلاش. كونكرېت ئۇسۇلى 0.07
مىللىمېتىرلىق ئېتىلېنلىق سۇلياۋدىن 5000 گىراملىق قاپ ياساپ، قاچىلىغاندىن
كېيىن ئاغزىنى ھىم ئېتىپ ھاۋانى تارتىۋېتىپ، قۇرغاق، سالقىن ئامبارغا قويۇش
كېرەك. بۇ ئۇسۇلدا ساقلاپ بىر يىلدىن كېيىن قۇرۇق چىلاننىڭ رەڭگى ياخشى تەمى
ئۆز پېتى بولۇپ، ياخشى مېۋە نىسبىتى 95% تىن يۇقىرى بولىدۇ. (03)

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى

**12 - ماددا** ئاتا - ئانىلار ياكى باشقا ۋەسىيلەر ئائىلە تەربىيىسىگە دائىر بىلىملەرنى ئۆگىنىپ، ۋەسىيلىك مەسئۇلىيىتىنى ئوبدان ئادا قىلىپ، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى بېقىپ تەربىيىلىشى كېرەك.

دۆلەتنىڭ ئالاقىدار ئورگانلىرى ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئاتا - ئانىسى ياكى باشقا ۋەسىيلىرىگە ئائىلە تەربىيىسى جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك.

**13 - ماددا** ئاتا - ئانىلار ياكى باشقا ۋەسىيلەر قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ بىلىم ئېلىش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشى، ئوقۇش يېشىدىكى قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قانۇن بويىچە مەكتەپكە بېرىشى ھەمدە مەجبۇرىيەت مائارىپى تەربىيەسىنى تاماملاتقۇزۇشى شەرت، مەجبۇرىيەت مائارىپى تەربىيىسى ئېلىۋاتقان قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى ئوقۇشتىن توختىتىۋالماسلىقى كېرەك.

**14 - ماددا** ئاتا - ئانىلار ياكى باشقا ۋەسىيلەر قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ يېشىغا ۋە ئەقلىي يېتىلىشىگە قاراپ، ئۇلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى قارار قىلغاندا ئۆزىگە ئۇقتۇرۇشى ھەمدە ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئېلىشى كېرەك.

**15 - ماددا** ئاتا - ئانىلار ياكى باشقا ۋەسىيلەر قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ نىكاھلىنىشىغا رۇخسەت قىلسا ياكى ئۇلارنى نىكاھلىنىشقا مەجبۇرلىسا بولمايدۇ، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە چاي ئىچۈرسە بولمايدۇ.

**16 - ماددا** ئاتا - ئانىلاردىن سىرتقا چىقىپ ئىشلەش ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە ۋەسىيلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلالمىغانلىرى ۋەسىيلىك ئىقتىدارىغا ئىگە قۇرامىغا يەتكەن باشقا كىشىلەرگە ۋەسىيلىكنى ھاۋالە قىلىشى كېرەك.

**17 - ماددا** مەكتەپلەر دۆلەتنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ساپا مائارىپىنى يولغا قويۇپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، قۇرامىغا يەتمىگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى، يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

**18 ـ ماددا** مەكتەپلەر قۇرامىغا يەتمىگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم ئېلىش هوقۇقىغا هۆرمەت قىلىپ، ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈشى، كۆيۈنۈشى، پەزىلىتى ئانچە ياخشى بولمىغان، ئۆگىنىشتە قىينالغان ئوقۇغۇچىلارغا سەۋرچانلىق بىلەن تەربىيە ۋە ياردەم بېرىشى، ئۇلارنى كەمسىتمەسلىكى، قانۇندىكى بەلگىلىمە ۋە دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپ هالدا مەكتەپتىن قوغلىۋەتمەسلىكى كېرەك.

**19 ـ ماددا** مەكتەپ قۇرامىغا يەتمىگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ جىسمانىي ۋە روهىي جەهەتتىن يېتىلىش ئالاهىدىلىكىگە قاراپ، ئۇلارغا ئىجتىمائىي تۇرمۇش، پسىخىك ساغلاملىق جەهەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشى ۋە بالاغەت مەزگىلى تەربىيىسى بېرىشى كېرەك.

**20 ـ ماددا** مەكتەپلەر قۇرامىغا يەتمىگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ياكى باشقا ۋەسىيلىرىگە ماسلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئۇخلاش، ئويناش ۋە چېنىقىش ۋاقتىغا كاپالەتلىك قىلىشى، ئۆگىنىش سېلىقىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتمەسلىكى كېرەك.

**21 ـ ماددا** مەكتەپلەر، بالىلار باغچىلىرى، يەسلىلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئىنسانىيلىقىغا هۆرمەت قىلىشى، ئۇلارغا تەن جازاسى، شەكلى ئۆزگەرگەن تەن جازاسى بەرمەسلىكى ياكى ئىنسانىيلىقنى هاقارەتلەيدىغان باشقا هەرىكەتلەرنى قىلماسلىقى كېرەك.

**22 ـ ماددا** مەكتەپلەر، بالىلار باغچىلىرى، يەسلىلەرنىڭ بىخەتەرلىك تۈزۈمى ئورنىتىپ، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە بولغان بىخەتەرلىك تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكىنى تەدبىر قوللىنىپ كاپالەتلەندۈرۈشى كېرەك. مەكتەپلەر، بالىلار باغچىلىرى، يەسلىلەرنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى جىسمانىي بىخەتەرلىكى ۋە سالامەتلىكىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان سىنىپ، ياتاق ۋە باشقا ئەسلىهە، سورۇنلاردا تەربىيىلىشى، ئوقۇتۇشقا يول قويۇلمايدۇ. مەكتەپلەر، بالىلار باغچىلىرى قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى يىغىلىشقا، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيىتى قاتارلىق كوللېكتىپ پائالىيەتلەرگە قاتناشتۇرۇشتا، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق بولۇشنى كۆزدە تۇتۇشى، جىسمانىي بىخەتەرلىك هادىسىلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى لازىم. (05)

# كۆكتاتلاردىكى دېھقانچىلىق دورا قالدۇقىنى چىقىرىۋېتىپ ئىستېمال قىلىشنىڭ ئاددىي ئۇسۇللىرى

شەرىپەم مەسۇم
(غۇلجا ناھىيە تۇرپانيۈز يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 835100)

ئادەم ئۈچۈن يېمەكلىك ئىنتايىن مۇھىم، يېمەكلىك بىخەتەرلىكى تېخىمۇ مۇھىم. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پۈتكۈل جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلىدىغان قىزىق نۇقتا بولۇپ قالدى. چۈنكى يېمەكلىك بىخەتەرلىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ساغلام تەنگە ئىگە بولۇشىنىڭ ئالدىنقى كاپالىتى، شۇڭا مەن بىر يېزا دەرىجىلىك دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى سۈپەت بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل خادىم بولۇش سۈپىتىم بىلەن، يىگىرمە نەچچە يىللىق ئەمەلىي خىزمەت تەجرىبەمگە ئاساسەن، كەڭ ئىستېمالچىلارنىڭ ئۆزى ۋە باشقىلارنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن، كۆكتات تەركىبىدىكى دورا قالدۇقىنى چىقىرىۋېتىپ ئىستېمال قىلىشتىكى بىر نەچچە ئاددىي ئۇسۇلنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمەن:

**1. كۆكتاتنى سۇنى ئېقىتىپ يۇيۇپ ئاندىن سۇغا چىلاش ئۇسۇلى:** كۆكتاتلارنى بۇلغايدىغان دېھقانچىلىق دورىسى ئاساسلىقى ئورگانىك فوسفورلۇق ھاشارات ئۆلتۈرۈش دورىلاردۇر. ئورگانىك فوسفورلۇق ھاشارات ئۆلتۈرۈش دورىلىرى سۇدا تەستە ئېرىيدۇ، سۇنى ئېقىتىپ يۇيۇپ ئاندىن سۇغا چىلىغاندا بىر قىسىم دورا بۇلغانمىلىرىنى چىقىرىۋەتكىلى بولىدۇ. سۇدا يۇيۇش كۆكتات ۋە مېۋىلەردىكى باشقا بۇلغانمىلارنى تازىلاش ۋە دورا قالدۇقىنى چىقىرىۋېتىشنىڭ ئاساسلىق ئۇسۇلى بولۇپ، بۇ يوپۇرمىقى ئىستېمال قىلىنىدىغان كۆكتاتلارغا كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: پالەك، چېچەكسەي، كۇدە، يازلىق يېسىۋېلەك قاتارلىقلارغا ماس كېلىدۇ. ئادەتتە كۆكتاتلارنى سۇدا قايتا - قايتا يۇيۇپ، يۈزىدىكى بۇلغانمىلارنى چىقىرىۋېتىپ، ئاندىن سۈزۈك سۇغا 15 مىنۇت چىلىغاندىن كېيىن، يەنە سۇنى ئېقىتىپ ئىككى قېتىم يۇسا بولىدۇ. مېۋە ۋە كۆكتاتلارنى يۇيۇش دورىسى دېھقانچىلىق دورىسىنىڭ ئېرىپ چىقىپ كېتىشىنى ئاشۇرىدۇ، يۇغاندا مېۋە ۋە كۆكتات يۇيۇش دورىسىنى ئاز مىقداردا قوشسا بولىدۇ.

**2. سۇنى ئېقىتىپ يۇيۇپ ئاندىن تۇزلۇق سۇغا چىلاش ئۇسۇلى:**

ئورگانىك فوسفورلۇق ھاشارات يوقاتقۇچى دورىلار ئىشقارلىق مۇھىتتا تېز سۇرئەتتە پارچىلىنىدۇ. شۇڭا بۇ ئۇسۇل دېھقانچىلىق دورىسى بۇلغانمىلىرىنى چىقىرىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئۇسۇلنى تۇزلۇق كۆكتات ۋە مېۋىلەرگە ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئالدى بىلەن يۇزىدىكى بۇلغانمىلارنى پاكىز يۇيۇپ، تۇزلۇق سۇ (ئادەتتە 500 مىللىلىتىر سۇغا 5 ـ 10 گىرام تۇز قوشۇلىدۇ) غا 5 ـ 15 مىنۇت چىلاپ، ئاندىن كېيىن 3 ـ 5 قېتىم سۈزۈك سۇدا يۇسا بولىدۇ.

**3. پوستىنى سويۇۋېتىش ئۇسۇلى:** كۆكتات ۋە مېۋىنىڭ سىرتقى پوستىدا دېھقانچىلىق دورا مىقدارى بىرقەدەر كۆپ بولىدۇ، شۇڭا پوستىنى سويۇۋېتىش دورا قالدۇقىنى چىقىرىۋېتىشتىكى ياخشى چارە ھېسابلىنىدۇ. ئالما، نەشپۈت، مايمۇن شاپتۇلى، تەرخەمەك، سەۋزە، تەكىيە كاۋا، چاقما كاۋا، قورۇما كاۋىسى، پىدىگەن، تۇرۇپ قاتارلىقلارنىڭ پوستىنى ئېلىۋېتىپ يېسە بولىدۇ.

**4. ساقلاش ئۇسۇلى:** دېھقانچىلىق دورىسىنى ساقلاش جەريانىدا، ئادەم بەدىنىگە زىيىنى يوق ماددىلارنى ئاستا ئاجرىتىدۇ. كۆكتات ۋە مېۋىلەر بەلگىلىك ۋاقىت ساقلانغاندا، دېھقانچىلىق دورىسى بىرقەدەر ئازىيىدۇ. چاقما كاۋا، تەكىيە كاۋا قاتارلىقلار ئاسان سېسىمايدىغان كۆكتاتلار بولۇپ، ئادەتتە 15 كۈندىن ئارتۇق ساقلىغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يېڭى ئۈزۈلگەن، پوستى سويۇۋېتىلمىگەن مېۋە ۋە كۆكتاتلارنى دەرھال ئىستېمال قىلماسلىقنى تەۋسىيە قىلىمىز.

**5. قىزىتىش ئۇسۇلى:** كاربامىن كىسلاتا ئېپىستېرى تۈرىدىكى ھاشارات يوقىتىش دورىسى تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرى ئۆرلىشىگە ئەگىشىپ پارچىلىنىشى تېزلىشىدۇ. شۇڭا، باشقا ئۇسۇللار بىلەن چىقىرىۋېتىش تەسرەك بولغان كۆكتات ۋە مېۋىلەردىكى بىر قىسىم دورا قالدۇقلىرىنى قىزىتىش ئۇسۇلى بىلەن چىقىرىۋەتكىلى بولىدۇ. بۇ ئۇسۇل كەرەپشە، پالەك، يازلىق يېسىۋېلەك، كۆك مۇچ، چېچەكسەي، كۆك پۇرچاق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. ئالدى بىلەن سۈزۈك سۇدا يۈزىدىكى بۇلغانمىلارنى يۇيۇپ، قايناق سۇغا 2 ـ 5 مىنۇت چىلاپ سۈزۈۋېلىپ، ئاندىن سۈزۈك سۇدا 1 ـ 2 قېتىم چايقىۋەتسە بولىدۇ. (02)

# ئاپتورلار سەمىگە

«يېزا پەن - تېخنىكىسى» ژۇرنىلى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئاشكارا تارقى- تىلىۋاتقان، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ئۆلكە دەرىجىلىك ئۇنى- ۋېرسال ئايلىق ژۇرنال. ئالدى بىلەن ژۇرنىلىمىزنى ئىزچىل قوللىغان ھەر ساھەدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ، سۆپەتلىك ماقالە بىلەن تەمىنلەۋاتقان قېرىنداشلارنىڭ يېڭى يىلىنى تەبرىكلەش بىلەن بىرگە تېنىڭلارنىڭ ساغلام، ئىشلىرىڭلارنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمىز. شۇنداقلا بۇنىڭدىن كېيىن ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى بولۇش، ماقالە يېزىش ۋە ماقالە ئە- ۋەتىشتە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

1. ئاپتورلار ماقالىنى سۆز - جۈملىلىرى ئېنىق، ئىملاسىنى توغرا قى- لىپ، كومپيۇتېردا (ئەلكاتىپ خەت سىستېمىسىدا) ئۇرۇپ، ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقىمىزغا يەنى ھەلىمە تۇرسۇن 2457445574@qq.com؛ ئابلەت ھەبىبۇللا 1797235858@qq.com ئەنۋەر مۇھەممەت 657312760@qq.com يوللىسىڭىز بولىدۇ.

2. ماقالە ماۋزۇسىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىنى، ئىسىم - فامىلىڭىزنى كىملىكتىكى بويىچە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچىسىنى يېزىپ ئەۋەتىڭ.

3. ماقالىدىكى ھەرقانداق ئاتالغۇ، دورا ۋە سورتلارنىڭ نامىنى ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە ئۆلچەملىك يېزىپ ئەۋەتىڭ.

4. ماقالىدىكى سان - سىفىرلارنىڭ ئېنىق، توغرا، ئىشەنچلىك بولۇشى ئۈچۈن، ماقالىڭىزنى ئىدارىڭىزنىڭ مەسئۇل خادىمىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئىدارىنىڭ تامغىسىنى باستۇرۇپ ئەۋەتىڭ.

5. ماقالىنىڭ ئاخىرىغا ئادرېسىڭىز، خىزمەت ئورنىڭىز، ئالاقىلىشىش تېلېفون نومۇرىڭىز ۋە ئېلخەت ئادرېسىڭىزنى ئېنىق يېزىپ ئەۋەتىڭ.

6. ژۇرنىلىمىز ئايدا بىر سان نەشر قىلىنىدۇ، ماقالىلارنىڭ پەسىلگە ماس كېلىشى ۋە ۋاقتىدا ئېلان قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ماقالىڭىزنى ئىمكان بار ماس كېلىدىغان پەسىل كېلىشتىن ئىككى ئاي بۇرۇن تەھرىر بۆلۈمىمىزگە ئەۋەتىڭ.

ئادرېسىمىزنى ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 403 - قورۇ «يېزا پەن - تېخنىكىسى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە تېگىدۇ، دەپ يازسىڭىز بولىدۇ. (02)

ئەگدىشلىك يوقتۇر ئەبەدشۆھرەتتە ئۇيغۇر تىلى،
قىز-ئايالار قوشۇمىغان زىننەتتە ئۇيغۇر تىلى،
ۋەخت بازارى كۆكلىگەن خىسلەتتە ئۇيغۇر تىلى،
تاپقىلى بولماس سېنى ئاددەتتە ئۇيغۇر تىلى،
ئەتىۋار بولغاچ ئۆزلۈك ئەشۋەتتە ئۇيغۇر تىلى.

ئەي تىل سەندىن چىن پەخىرلەنمەك ماڭا ھەق ئەي جاھان،
قول ھۈنەر، شۆھرەن ئەختەر ئاسىغا ئاشتى سۆيگۈم قىيان،
پاك يالشا، ئەي تىلە سەكرداغ قوندۇرمىغىن ئۇيغۇر جانان،
يىلتىزىڭنى ھېچ قۇرۇتماس ئەي ئۇدۇم ئەھلى ھامان،
گۈللىسۇن يەر ئېلى ھۈنەر سەنئەتتە ئۇيغۇر تىلى.

— يىلتىز شېئىرى





SHEYDAYI
SHEYDAYI
ئىشلىگەن

# ژۇرنىلىمىزنىڭ 2014-يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇشىڭىزنى قارشى ئالىمىز !



2014-يىلى 1-ئاينىڭ 24-كۈنى خوتەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت زالىدا ئېكسىيەگە قاتناشقان خانىم - قىزلاردىن خەلقىمىزگە ئوتلۇق سالام

بۇزەينەپ ئېلى فوتوسى


农村科技

(月刊)

يېزا پەن ــ تېخنىكىسى

(ئايلىق ژۇرنال)

باشقۇرۇپ چىقارغۇچى ئورۇن: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى

تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «يېزا پەن-تېخنىكىسى» ژۇرنىلى رېداكسىيەسى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

باش مۇھەررىر: ھەلىمە تۇرسۇن    تېلېفون ۋە فاكس نومۇرى: 4505075 ـ 0991

مۇھەررىرلەر: ئابلەت ھەبىبۇللا    ئەنۋەر مۇھەممەت

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 403 ـ قورۇ    پوچتا نومۇرى: 830091

باسقۇچى ئورۇن: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى    باھاسى: 2.00 يۈەن

تارقاتقۇچى ئورۇن: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى

مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: جايلاردىكى پوچتىخانىلار، نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى، پەن-تېخنىكا ئىدارىسى، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك نومۇرى: ISSN 1004-1095

مەملىكەتلىك بىر تۇتاش نومۇرى: CN 65-1046/S-W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 123 ـ 58    ئېلان كىنىشكا نومۇرى: 0016